
9
شىنجاڭ ئاياللىرى
1990
新疆妇女

2. ئاپتونوم رايونى بويىچە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى ھەلىمە سوپى. ئېلېكترونلۇق دەرس ئۆتۈشنى ئومۇملاشتۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

3. ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان جاڭ لەن. ئۇزىنىڭ مول ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ياش ئوقۇتقۇچىلارغا سۆزلەپ بەرمەكتە.

4. يېقىندا تيانشان رايونلۇق مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇسابىقىدە، «1 - ئاۋغۇست» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لى شياگلىن رەسىمگە قاراپ خەت ئۆگىتىشتە ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

5. ئوقۇغۇچىلار ئوچۇق دەرستە ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزمەكتە.



1. ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ تەتقىقات مەركىزىدىكى ھەر مىللەت تەتقىقاتچىلار. ئۇلار ئارا ئۆگىنىپ ۋە بىرلىكتە ئىزدىنىپ، چېگرا رايونلۇق مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تۆھپە قوشماقتا.









# ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

1990.9.10

## ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدە ئەقلىيە سۆزلەر

△ ئوقۇتقۇچى قەلبى ئالتۇندىنمۇ ساپ بولىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلبى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلبى زۇمرەتتەك سۈزۈك ۋە غۇبارسىز كېلىدۇ.

△ كۆيۈۋاتقان كۆمۈر ئۆز ۋۇجۇدىدىن يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، خەلق ئوقۇتقۇچىسى دەل مۇشۇنداق خىسلەتكە ئىگە ئەمەسمۇ؟

△ ئوقۇتقۇچىدا مېھرىبان ئانىنىڭ مۇھەببىتى، ئاتىنىڭ ئىناۋىتى، پەيلاسوپنىڭ زاكونى ۋە ئەمەلىيەتچىنىڭ بىجانىدىللىقى بولۇشى كېرەك.

△ ئوقۇتقۇچى ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلب يالقۇنلىرىنى تۇتاشتۇرىدۇ؛ ئوقۇتقۇچى گويا تاش پەلەمپەيگە ئوخشاش، ئوقۇغۇچىلارنى قەدەممۇ-قەدەم يۇقىرىغا چىقىرىشنى خالايدۇ.

△ ئەجدادلىرىمىز بۈگۈنىمىزنى يارىتىپ بەردى. بىز كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئەتىنى يارىتىشىمىز كېرەك، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۆگۈنىنى قانداق يارىتىش، بۇ — تارىخنىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ئالدىغا قويغان ئىمتىھان سوئالىدۇر.

△ «سەككىز سائەتتىن سىرتقى ۋاقىت كىمگە تەئەللۇق؟» بەزىلەر «ئەلۋەتتە ئۆزىگە تەئەللۇق!» دېيىشى مۇمكىن. بىراق خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى «بىزنىڭ سەككىز سائەتتىن سىرتقى ۋاقتىمىز يەنىلا ئوقۇغۇچىلارغا مەنسۇپ» دېيىشىدۇ.

△ ئوقۇتقۇچىدا قۇياشتەك ئىللىق قەلب بار. قۇياش شەخسىيەتسىز كېلىدۇ. ئۇ ئۆز نۇرىنى ياپيېشىل چىمەنلىكلەرگىلا چېچىپ قالماي، بەلكى قاغجىراپ ياتقان دالىغىمۇ چاچالايدۇ. ئۇ رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپلا قالماي، ئاجىز-يۇمران گىياھلارنىمۇ ئۆستۈرەلەيدۇ.

△ ئوقۇتقۇچىنىڭ ھاياتى بىر پارچە ئوت. ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇرمۇشى يېقىملىق كۈي، ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمىتى بىر گۈزەل داستان.

△ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىغا بولغان مۇھەببىتى خۇددى شەربەتكە ئوخشاش چاڭقىغان قەلبلەرنى ئويغىتىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇھەببىتى گويا باھار شامىلىدەك سولغۇن كۆڭۈللەرنى ئۇرغۇتىدۇ.

△ ئوقۇتقۇچى ئىنساندىكى ئەڭ يۈكسەك ھېسسىيات — مۇھەببەت ئارقىلىق بىلھارىيارىتىدۇ، غايە تىكلەيدۇ، كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل قىلىدۇ.

△ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار خاتىرىسىدىكى ئۆمرىنى ئۇزارتماقچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز مۇھەببىتىنى ئايىماستىن ئۇلارغا بېغىشلىشى كېرەك.

ئابدۇرېھىم ئىمىن رەتلىگەن

شىنجاڭ ئاياللىرى

新疆妇女



1990 - يىل
9 - سان

(ئايلىق ژۇرنال)

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى
نەشىردىن چىقىدۇ

باش مۇھەررىر
پاتىمە جاكۇلىنا

总编：帕提曼·贾库林

مەسئۇل مۇھەررىر
ھەلىمە ئىسمايىل

主编：艾里曼·司马义

ۋەكالەت نومۇرى
(58 — 8)

قەرەللىك ژۇرناللار
تىزىملىكى نومۇرى
CN65 — 1053/Z

رەسسام ۋە خەتتات
مەھەممەت ئايۇپ
(تەكلىپ قىلىنغان)

# مۇندەرىجە

ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدە ئەقلىيە سۆزلەر ...... 1
نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشى ...... 4
* ئىلغارلار سېپىدىن *
ئەۋلادلار قەلبىدە كۆيۈۋاتقان شام ...... 6
* ئوقۇتقۇچى قەلبى *
مېنىڭ كەسپىم شەرەپلىك ...... 8
* قانۇننى بىلىۋېلىڭ *
ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا قانداق ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەر بولىدۇ ...... 10
* ئەر - خوتۇنلارغا مەسلىھەت *
ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا مىجەزنى ماسلاشتۇرۇش.. 14
* قىز - يىگىتلەر سەھىپىسى *
ئىشق باشقا، ھەۋەس باشقا ...... 16
* يېڭى ئىستىل، يېڭى ئەخلاق *
كۆڭۈللۈك ئۆتكەن توي ...... 48
* بالىلار تەربىيىسى *
بالىلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكىنى كونكرېت تەھلىل قىلىڭ.. 19
* دۇنيا ئاياللىرىغا بىر نەزەر *
مەشھۇر تۈركشۇناس ۋون. گاباين ...... 21
بېنگال قىزلىرىنىڭ دەردى ...... 22
* ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار *
قىسقا خەۋەرلەر ...... 24
* ئەدەبىيات گۈلزارى *
گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان جاي ...... 26
* چەت ئەل ئەدەبىياتى *
قۇمرى ۋە تەمەننا ...... 28

# مۇشتىرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز


* مەسلىھەت تەرەپلىرى *

ئىجتىمائىي ئالاقىدا ئۇن ئىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ ...... 34
خوتۇن - قىزلار زورلاۋانلار ئالدىدا ئۆزىنى قانداق
قوغدىنىشى كېرەك ........................ 35

* باھار چېچەكلىرى *

باغۋىنىم (شېئىر) ........................ 36
سەمىمىي دىل خىتابىغا سال قۇلاق (شېئىر) ...... 36
ئۇ چاغدا (شېئىر) ........................ 36
قىرىق كۈنۈڭ شېئىر) ........................ 37
سەندىك گۈزەل يۇرتۇڭ سەھىرى (شېئىر) .......... 37
كىرپىكتىكى سۆيگۈ (شېئىر) .................... 37

* سالامەت بولۇڭ *

جىنسىي كېسەللىكتىن پەخەس بولۇڭ ............ 38
دانىخورەكنى قانداق داۋالىغىلى بولىدۇ ............ 41

* بىلمۇ بىلىك *

ئاجايىپ ماشىنا ئادەملەر ........................ 42
چەت ئەللەردىكى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدىن تەرەملەر... 43
خەتەرلىك دۈشەنبە ........................ 44
2010 - يىلىغا بارغاندا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر ...... 44

* ئانىلار ئوقۇشلۇقى *

ئانا سۈتى بوۋاقنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە پايدىلىق...... 45

* تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت *

ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار قانداق گىرىم قىلىشى كېرەك... 46
سۇ مېيىنى بىر يىلدىن ئارتۇق ساقلىماسلىق كېرەك... 46
چاچ بوياش دورىسىنى ئاز ئىشلىتىڭ ............ 47



مۇقاۋىدا
مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر
ئوقۇتقۇچى — نۇرگۈل

مۇقاۋىنىڭ كەينىدە
گۈزەل تەبىئەت

ياڭ جىچىڭ فوتوسى
杨继青摄

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
رېداكسىيىسى نەشر قىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا
ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تىراژى: 60000
باھاسى 45 پۇڭ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما
زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئادرېس
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە
كوچىسى 42 - نومۇر

پوچتا نومۇرى
830002

تېلېفون: 23886

# نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشى

دۇنيا نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرماقتا. ھازىر دۇنيا نوپۇسى 5 مىلياردقا يەتتى.

تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە، تۇغۇش نىسبىتى كەڭ كۆلەمدە تۆۋەنلەپ، نوپۇسنىڭ ئومۇمىي كۆپىيىش نىسبىتى بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىغان بولدى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە تۇغۇت نىسبىتى روشەن ھالدا تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىشى ئۇنى يوققا چىقاردى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئىككى پىرسەنت بولۇپ كەلمەكتە، ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ يېڭى تەتقىقاتلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش پەللىسىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى كۆپىيىش نىسبىتى بويىچە ماڭغاندا، دۇنيا نوپۇسى ئالدىمىزدىكى 35 يىل ئىچىدە يەنە بىر قاتلىنىدۇ.

دۇنيادىكى 5 مىليارد نوپۇسنىڭ 3 مىليارد 800 مىليونى 3-دۇنياغا تەۋە. ھەرقايسى ئەللەر ۋە رايونلاردا نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ناھايىتى زور پەرق قىلىدۇ. ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقى ئەتراپىدا 80-يىللارنىڭ دەسلەپكى بەش يىلى ئىچىدە كۆپىيىش نىسبىتى 3·03 پىرسەنت، ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدا 2·98 پىرسەنت، لاتىن ئامېرىكىسىدا 2·3 پىرسەنت بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا (ياپونىيە بۇنىڭ سىرتىدا) 1·4 پىرسەنت بولدى.

سىنگاپوردا پىلانلىق تۇغۇت لايىھىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن 21 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، نوپۇسى تەخمىنەن 2 مىليون 600 مىڭ ئەتراپىدا تىزگىنلىنىپ، نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 1·1 پىرسەنت بولدى. يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى نوپۇسنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشى بويىچە داۋاملىق تۆۋەنلەپ، دۆلەت مۇداپىئەسىدە ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. شۇڭا، ئۇلار ھازىر پىلانلىق تۇغۇت ۋە نوپۇس كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەر-خوتۇنلارنى ئىككى ياكى ئۈچكىدىنمۇ كۆپ پەرزەنت كۆرۈشكە ئىلھاملاندۇرماقتا. بۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقنىڭ تىپىك مىسالى، بۇ، ئاسىيادىكى ئايرىم ئەھۋالدۇر.

ھىندىستان ھۆكۈمىتى يېقىندا 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. نوپۇسنىڭ ئومۇمىي سانى بويىچە دۇنيادا 5-ئورۇندا تۇرىدىغان ھىندونېزىيە يېقىندا، بىر قېتىملىق تېز سۈرئەتلىك نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھىندونېزىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 163 مىليونغا يەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇنىڭدىن 25 يىل ئىلگىرى ھىندونېزىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 97 مىليون ئىدى.

فىلىپپىن دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ

تېز كۆپىيىۋاتقان دۆلەت. ئۇنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي نوپۇسى 56 مىليون، ئۇ، نوپۇس سانى بويىچە دۇنيادا 15 - ئورۇندا تۇرىدۇ. فىلىپپىندا نوپۇسنىڭ يىللىق كۆپىيىش نىسبىتى 2.5 پىرسەنت بويىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بەزىلەرنىڭ مۆلچەرىچە، فىلىپپىننىڭ نوپۇسى 2020 - يىلىغا بارغاندا 100 مىليوندىن ئېشىپ كېتىدىكەن. فىلىپپىن ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس كومىتېتى يېقىندا ئوتتۇرىغا قويغان بىر دوكلاتىدا: «ئەگەر نوپۇسنىڭ تېز كوپىيىشى چەكلەنمەيدىكەن، ئۇ ھالدا ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەرەققىي ئەتتۈرۈشتە ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ» دېيىلگەن.

19 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئەنگلىيىلىك پوپ مارساس: نوپۇسنىڭ ئېشىشى مۇقەررەر ھالدا تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئېشىشىدىن ئارتىپ كېتىدۇ. كىشىلەر نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى پەسەيتىدىغان مۇۋاپىق بەلگىلىمە چىقارمايدىكەن، ئۇنداقتا نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى ۋابا، ئاچارچىلىق ۋە ئۇرۇش ئارقىلىق تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىغانىدى. 19 - ئەسىرنىڭ كۆپ قىسمى ۋە 20 - ئەسىردە كىشىلەر تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە يېڭى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ئارقىسىدا مارساسنىڭ قارىشىدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، لېكىن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ تېز كۆپىيىشى كىشىلەرنى مارساس ئەنسىرىگەن مەسىلىنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلماقتا.

ئامېرىكا مەملىكەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە مەملىكەتلىك مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يېقىندا تەييارلىغان «نوپۇسنىڭ ئېشىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات» دېگەن دوكلاتىدا نوپۇس بەك كۆپ ئېشىپ كەتكەندە، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا كېلىدىغان تەڭ زور خەۋپ مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشى بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ چىقارغان خۇلاسىسى — بەزى دۆلەت خاراكتېرلىك ياكى يەرشارى خاراكتېرلىك ئەمەلىي مىساللاردىن قارىغاندا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئاستىلاتقاندا ۋە ئۇنى مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، بايلىقلارنىڭ يەنى ھاۋا، سۇ، تۇپراق، ئورمان ۋە ھەرخىل ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. لېكىن بۇ دوكلاتتا يەنە: ئەگەر بىر خىل بايلىقنىڭ خوراپ تۈگىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىسادىن تۆۋەن بولىدىكەن، ئۇ ئەھۋالدا قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان. يەرشارىدىكى بايلىقنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنى بىلىم ئارقىلىق ئېچىشقا بولىدۇ. لېكىن نوپۇس ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتكەندە، مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى يىغىۋالغىلى بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ ھەددىدىن بەك كۆپىيىپ كېتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم.

تەھرىر بۆلۈم رەتلىگەن




ئىبراھىم ئەيسا، قۇربان توختى

مەرىپەتچى كىشىلەر ھەممىلا يەردە ھۆرمەتكە سازاۋەر. چۈنكى ئۇلار ئىلىم مەرىپەت باغچىسىدىن گۆھەرلەر قېزىپ، نادان كىشىلەرنىڭ قاراڭغۇ دىلىغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى كېلەچەككە باشلايدۇ.

ئايشەم يۈسۈپ 1959-يىل 7-ئايدا يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئەڭ چەت، ئەڭ يىراق يېزىسى — ئىگەرچىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ، ياشلىق باھارىنى زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان ئىگەرچى، بەشكەن يېزىلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بېغىشلاپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. 1985-يىلى و-ئايدا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى يولداش ئايشەمنى ناھىيىلىك گەيشەڭ تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكەپ كەلدى. ئايشەم ئىككى قېتىم چوڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغان تۇرۇقلۇقمۇ، جاپا-مۇشەققەتتىن، ھېرىپ-چارچاشتىن قورقماي، سىنىپ مۇدىرلىقىدىن ئىبارەت جاپالىق ھەم مۇرەككەپ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقتى. ئۇ دەسلەپتە ئىگەرچى يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندا، يېزا، كەنتلەر ئىنتايىن نامرات، دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسى قالاق، ئوقۇتقۇچىلارنى تۇراقلاشتۇرۇش شارائىتى ناچار ئىدى. يېزا مەكتىپى ئىلگىرى جۇۋازخانا قىلىنغان، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان كونا، خەتەرلىك بىر ئۆي ئىدى. پارتا-ئورۇندۇقلار كېسەك ئۈستىگە تاختاي قويۇپلا ياسالغانىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سومكىلىرى تامغا قېقىلغان مىخقا ئېسىپ قويۇلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپتە ئائىلىلىكلەر قورۇسى بولمىغاچقا، ئۇ، دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە قوشنا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلدى. مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەي، خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ھەر يىلى خىزمەت نەمۇنىچىسى، ئىلغار سىنىپ مۇدىرى بولۇپ، تەشكىل ۋە ھەر مىللەت دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1973-يىلى ئىگەرچى ساڭ باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدا بىر تولۇقسىز سىنىپ قۇرۇلدى. تەشكىل ئايشەمنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىسى ۋە قابىلىيىتىگە ئاساسەن ئۇنى بۇ سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ، قاچە ئىككىلەنمەي بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي

تەربىيىنى كۈچەيتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تولۇقسىز سىنىپنىڭ ماتېماتىكا، تىل-ئەدەبىيات قاتارلىق دەرسلىك كىتابلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. قايتا-قايتا مەشىق قىلىش ئارقىلىق، قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا دەرس بېرەلىگۈدەك كەسپىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈردى. نەتىجىدە ئۇنىڭ سىنىپى يېرىم مەۋسۇم ئىچىدىلا يېزا بويىچە قىزىل بايراقدار سىنىپ كوللېكتىپى بولۇپ تىكلەندى، ئايشەمۇ مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

يولداش ئايشەم ناھىيىلىك گەيشەڭ تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭغا چۇۋالچاق، سىنىپ كۆچەلمىگەن ئوقۇغۇچىلىرى كۆپ بولغان بىر سىنىپ كوللېكتىپى تەقسىم قىلىندى. يولداش ئايشەم تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماي، باشقىلار ئوقۇتۇشنى رەت قىلغان بۇ مۈرەككەپ سىنىپنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا غايە، ئىستىقبال تەربىيىسى «تۆت بولۇش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئائىلە سۆھبىتىنى چىڭ تۇتۇپ، مەكتەپ بىلەن ئائىلە تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. ھەر كۈنى مەكتەپكە بۇرۇن كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا، دەرس تەكرارلاشقا تەشكىللىدى. دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا دەرستىن سىرت يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھەر يىلى سىنىپ كۆچەلمەي، مەكتەپتىن چىقىرىلىش خەۋپى ئاستىدا قالغان 42 نەپەر سەبىي غۇنچە دەرستە باشقىلارغا يېتىشىۋېلىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتتى. ۋەتەن دېگەن نېمە؟ خەلق دېگەن نېمە؟ ئۈمىد دېگەنچۇ؟ قاتارلىق سوئاللارنى قويۇش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى. ئۇ سىنىپدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قىلچە بوشاشتۇرمىدى. ئوقۇغۇچىلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى يازدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت پائالىيەتلەرنى كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىتتىپاقلىق تەربىيىسىنى غۇنچىلارنىڭ قەلبىگە چاچتى.

ئۇ، يۇقىرىقىدەك خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىنى 98 پىرسەنتكە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقان سىنىپى ئۆتكەن يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئوقۇش ئىمتىھانىدىكى نۇقتىلىق تەجرىبە سىنىپى بولۇپ باھالاندى ۋە تەقدىرلەندى. يولداش ئايشەم 1985-يىلى 1-قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 1-دەرىجىلىك باغۋەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، سەبىي غۇنچىلارنى تەربىيىلەش يولىدا ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە، تەشكىلنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. خىزمەتكە قاتناشقان 31 يىلدىن بۇيان مەكتەپ، يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە 57 قېتىم مۇكاپاتلاندى. بەش قېتىم «8-مارت» قىزىل بايراقدارى بولۇپ باھالاندى. 1989-يىل 9-ئايدا مەملىكەت بويىچە «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.

# مېنىڭ كەسپىم شەرەپلىك



مېھرىنۇر تۇردى

باغچا خىزمىتى — باللار خىزمىتىنىڭ، جۈملىدىن جەمئىيەت خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ھەم مۇشەققەتلىك، ھەم شەرەپلىك خىزمەت.

بۇ خىزمەتنىڭ زادى قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەقەت باللارنى: ئەۋلاد... دەپ چۈشەنگەن ۋە يارامىلىق ئەۋلاد يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن كىشىلا بىلەلەيدۇ.

سىز ئۆز خىزمىتىڭىزدە ۋە ئۆزىڭىز سۆيگەن كەسپىڭىزدە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا، سىزنى خاتىرجەم قىلىپ، پەرزەنتىڭىزنى تەربىيىلەۋاتقان باغچا ئوقۇتقۇچىسىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەمسىز؟ ئائىلىدە باللىرىڭىزنىڭ جېدەللىنى بېسىقتۇرغاندا، تاماق يېگۈزگەندە، كىيىم كىيگۈزگەندە، ئۇخلاتقاندا، ئويغاتقاندا ۋە ئويناتقانلاردا باغچا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ جاپاسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەي تۇرالامسىز؟

مەن ئىشىنىمەنكى، باغچا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ جاپالىق خىزمىتىنى بىر ئائىلىدە بىر-نەچچە بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىلار بىلەن بىر سىنىپتىكى ھەر خىل خاراكتېرلىك باللارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا بىلمىگەننى بىلدۈرۈپ، ئادەم بولۇشنىڭ توغرا يولىغا باشلىغان ئوقۇتقۇچى — ئۇستازلارلا ئالدى بىلەن چۈشىنىپ يېتىدۇ.

باغچا ئوقۇتقۇچىلىرى كۈندىلىك خىزمەتنى ئىشلەش جەريانىدا، ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئازغىنە نەتىجىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدۇ. مانا بۇ، باغچا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى. تۆۋەندە مەن بىر ئاددىي باغچا ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆز خىزمىتىمنى ئىشلەش جەريانىدا ئېرىشكەن بىر قىسىم تەجرىبىلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. يېڭى كەلگەن باللارنى ئالايلۇق: ئۇلار دەسلەپتە سىنىپقا كىرىپلا يېتىرقاپ يىغلاپ، ئاتا-ئانىسىغا ئېسىلىپ قالغىلى تونىمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ: بالىنى مۇشۇنداق تاشلاپ ماڭسام ئۇ كەچكىچە توختىماي يىغلىسا قانداق بولىدۇ، بالىنىڭ باغچىغا كۆنىمىكى خېلى تەس ئوخشايدۇ، دەپ بېشى قاتىدۇ. بالىسىنى ئويلاپ خىزمەتتىمۇ خاتىرجەم ئىشلىيەلمەيدۇ. ئۇنداق ئەھۋالدا بۇ يولداشنىڭ خىزمىتىدە نەتىجە قازىنىشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن! بۇنداق چاغدا بىز تەربىيىچىلەر بالىنى دەرھال ئاتا-ئانىلىرىنىڭ قولىدىن ئېلىپ سۆيۈپ، ئەركىلىتىپ، ھەر خىل ئويۇنلار بىلەن گول قىلىپ، باللارنى باغچىغا يىغلىماي خۇشال كېلىپ، خۇشال كېتىشكە كۆندۈرۈشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەرقايسى كەسىپلەردە خاتىرجەم ئىشلەپ، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم.

ئوت يېلىنىڭ ئالدىدا مەن يېڭى كىچىكلەرنىڭ سىنىپىغا مەسئۇل ئىدىم. بۇ سىنىپتىكى بالىلار بىر-بىرىدىن ئوماق، بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تولىمۇ ئوماق بىر قىز بار ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىن ۋە تاپقارا بىر جۈپ كۆزىدىن دائىم روھسىزلىق، قورقۇنچاقلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. مەن بۇ قىزنى داۋاملىق كۆزىتىپ، ئۇنىڭ باشقا بالىلارغا ئانچە قوشۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئادەتتە ئۇنىڭدىن سوئال سورىساممۇ جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي دۇدۇقلاپ تىترەيتتى. مەن مۇزىكا چېلىپ ئۇسسۇل ئويناڭ دېسەم ئۇ ئورنىدىن زادى تۇرغىلى ئۇنىمايتتى. مەن بۇ قىزنىڭ قورقۇنچاق بولۇپ قېلىشىدا چوقۇم بىر سەۋەب بار دەپ ئويلاپ، قىزنىڭ ئاپىسى بىلەن سۆزلەشتىم، قىزنىڭ ئاپىسى ماڭا: خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، بالىنى كىچىك چېغىدا ھەپتىلىك بېقىپ بېرىشكە بىر ئايالغا بەرگەنلىكىنى، بۇ ئايال بالىغا زالىملىق قىلىپ ئۇرۇپ-تىللاپ روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازار بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن، بالا ھەپتىدە بىر ئۆز ئۆيىگە كەلگەندىمۇ، بەرگەن يېمەكلىكلەرنى يۈرەكلىك ئېلىپ يېيەلمەي، ئىشىك ئارقىسىغا بېرىپ يىغلاپ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىچى ئاغرىپ يۈرىكى ئېچىشقانلىقىنى، بالىنىڭ مۇشۇ سەۋەبتىن ھازىرقىدەك بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ: — ئامالىنىڭ يوقىدىن مۇشۇ ئەھۋالغا چىداپ بالامنى ئۈچ ياشقا كىرگۈزۈپلا باغچىغا ئېلىپ كەلدىم. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بالامنى روھلۇق، جۈرئەتلىك قىلىپ تەربىيەلەپ، ساغلام ئۆسۈشكە كۈچ چىقارسىڭىز، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا، بۇ خىزمەتنى، باغچا بىلەن ئائىلە بىرلىكتە تۇتۇپ ئىشلىسە، چوقۇم ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ كۆيۈمچان ئانىنى خاتىرجەم قىلدىم ۋە بۇ قىزنى داۋاملىق كۆزىتىپ، كۆپ سوئال سوراش، رىغبەتلەندۈرۈش، قولىدىن تۇتۇپ بىللە ئۇسسۇل ئويناشتەك ھەر خىل ئاماللارنى قوللىنىپ، ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ پىچىرلايدىغان جانسىز ئاۋازىنى جاراڭلىق ئاۋازغا ئۆزگەرتىپ، بالىلار ئوتتۇرىسىدا جانلىق جاۋاب بېرەلەيدىغان، ناخشا-ئۇسسۇللارغا قورقماي قاتنىشىدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتىم.

بۇ جەرياندا، قىزنىڭ ئانىسى بىلەن كۆپ قېتىم پىكىر ئالماشتۇردۇق. ئۇ بىزگە كۆپ ياردەم قىلدى. بۇ قىز بالىلار باغچىسىدا تەربىيەلىنىش جەريانىدا كۆپ قېتىم سەھنىلەردە ئويۇن قويۇپ مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. بۇنى كۆرۈپ مەن ئۆز خىزمىتىمدە ئازغىنە نەتىجە ھاسىل قىلالىغانلىقىمدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇم.

يەنە شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، بەزى ئاتا-ئانىلار بالىسىنى پەقەت باققۇزۇش ئۈچۈنلا باغچىغا ئېلىپ كەلگەندەك تونۇشتا بولىدۇ. بالىنىڭ بىر كۈن كەچكىچە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىرەر قېتىممۇ سوراپ قويمايدۇ. بالىسىنى سىنىپقا ئېلىپ كىرگەندە تاماقنى جىق يە دەپ تاپىلىسا، ئېلىپ كېتىۋېتىپ نېمە تاماق يېدىڭ؟ تويدۇڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ھالبۇكى ئۇلار بالىلار باغچىسىنى بالىلارنىڭ قورسىقىنى باقىدىغان ئورۇن دەپلا قارايدۇ، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزگە بالا باققۇچى، ھەتتا «پوق تازىلايدىغانلار» دېگەندەك ئەلپازدا مۇئامىلە قىلىدۇ. مەيلى!

قانداق قاراشتىن قەتئىينەزەر، بۇ ۋەزىپە مەن ئۈچۈن ئەڭ شەرەپلىك. مەن بۇ كەسپنى چىن دىلىمدىن قىزغىن سۆيىمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۆز كەسپىنى سۆيگەن ۋە ئۆز كەسپىگە سادىق بولغانلار ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر. چۈنكى، بالىلار ئەۋلادنىڭ ئەۋلادى، ئەلنىڭ ئۈمىدى، نەسلىنىڭ داۋامى، كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى. ئۇلارنى بىز ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈپ تەربىيەلىسەك، ئۇلار چوڭ بولغاندا ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇپ، ئۇلۇغۋار نەتىجىلەر قازانسا، ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى ئادا قىلسا، بىز ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرەپ بولامدۇ؟؟؟

* قانۇننى بىلىۋېلىڭ *

# ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا قانداق
# ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەر بولىدۇ

ئىبرايىم تىلىۋالدى

ئەر - ئايال نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، ئائىلە قۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا، ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى كېلىپ چىقىدۇ.

ئائىلىنىڭ ئىناق، بەختلىك بولۇش - بولماسلىقى ئاساسەن ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 9 - ماددىسىدىن 14 - ماددىسىغىچە ئەر - خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى بەلگىلەنگەن.

1. ئەر - خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، ئەر - ئايال ئىككى جىنسنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 9 - ماددىسىدا: «ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى باراۋەر بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە ئەر - خوتۇن - ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتىكى ئومۇمىي پرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولۇپ، ئۇنىڭدا دۆلىتىمىزدىكى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ سوتسىيالىستىك ماھىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەر - خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى باراۋەر بولىدۇ، دېگەندە ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇقلاردىن باراۋەر بەھرىمەن بولىدىغانلىقى، مەجبۇرىيەتلەرنى باراۋەر ئادا قىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ، دېموكراتىك ئىناق ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى. ئەر - خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى باراۋەر بولغاندىلا ئاندىن ئەر - خوتۇن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ياردەم قىلىش، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش، چوڭلارغا يار - يۆلەك بولۇش، باللارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىپىسىنى بىرلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئەگەر ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە باراۋەر مۇئامىلىدە بولالمىسا، مۇنداق ئائىلىدە ھەر خىل زىددىيەتلەر پەيدا بولىدۇ - دە، ئاخىرى ئۇ جېدەلگە ئايلىنىپ، جەمئىيەتتە پاسسىپ ئامىللارنى ۋە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

2. ئەر - خوتۇنلۇق ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي مۇناسىۋەت.

ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ مەزمۇنى جىسمانىي مۇناسىۋەت ۋە مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە ئەر - خوتۇنلارنىڭ مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقى جىسمانىي مۇناسىۋەت مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدا، ئەر - خوتۇننىڭ جىسمانىي مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەنگەن:

(1) ئەرمۇ، خوتۇنمۇ ئۆز ئىسىم - فا-

مىلىسىنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق.

ئىسىم-فامىلىسىنى قوللىنىش ھوقۇقى — ئەر-خوتۇنىنىڭ بىر خىل مۇھىم جىسمانىي ھوقۇقى. ئىسىم-فامىلە گەرچە پەقەتلا شەخسلەرنى پەرقلەندۈرۈشتىكى بەلگە بولسىمۇ، لېكىن ئىسىم-فامىلىسىنى قوللىنىش ھوقۇقىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى مۇستەقىل كىشىلىك ئىززىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنىڭ بىر خىل ئالامىتى.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 10-ماددىسىدا «ئەرمۇ، خوتۇنمۇ ئۆز ئىسىم-فامىلىسىنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ، ئەر-خوتۇن ئىككىلا تەرەپ ئۆز ئىسىم-فامىلىسىنى قوللىنىش جەھەتتە مۇستەقىللىكنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ مۇستەقىللىكى نىكاھلانغانلىق تۈپەيلىدىن ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر.

(2) ئەرمۇ، خوتۇنمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا، خىزمەتكە، ئۆگىنىشكە ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە ئەر-ئاياللار باراۋەر بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاياللار ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتا ئەرلەرگە ئوخشاش باراۋەر ھوقۇققا ئىگە.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 11-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە گەرچە ئەر-خوتۇن ئىككىلا تەرەپكە تەتبىق قىلىنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قاراتمىلىقىدىن قارىغاندا، ئاساسلىقى نىكاھلىق بولغان ئاياللارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھوقۇقلىرىنى قوغداش، ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش ۋە ئارىلىشىۋېلىشىنى مەنئى قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ بەلگىلىمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش — ئەر-ئايال باراۋەر بولۇشنى يولغا قويۇپ، ئاياللارنىڭ ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ، دېموكراتىك، ئىناق ئائىلە تۇرمۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى.

(3) ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى بېقىش، تەربىيىلەش جەھەتتىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتى باراۋەر بولىدۇ.

ئۆز بالىلىرىنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش ئەر-خوتۇنىنىڭ ئورتاق ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 15-ۋە 17-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، بالىلارنى بېقىش، تەربىيىلەش مەسىلىسىنى، ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن بالىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئاساسەن، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق بىرلىكتە بەلگىلەيدۇ. بۇمۇ ئەر-خوتۇننىڭ جىسمانىي ھوقۇقتا باراۋەر بولغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

(4) ئەرنىڭمۇ، خوتۇننىڭمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار.

ئائىلە ئەۋلاد قالدۇرۇش، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەمما بۇ ۋەزىپە ئائىلىدىكى ئەر-خوتۇن تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 12 - ماددىسىدا، «ئەرنىڭمۇ، خوتۇننىڭمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە ئومۇمىي پرىنسىپتىكى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش پرىنسىپىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

3. ئەر - خوتۇننىڭ مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتى،

ئەر - خوتۇننىڭ ئائىلىدە مال - مۈلۈكتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى، ئىككى تەرەپنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ باراۋەر بولغان - بولمىغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 13 - ماددىسىدا: «ئەر - خوتۇننىڭ بىللە ئۆي تۇتقان مەزگىلدە تاپقان مال - مۈلكى ئۇلارنىڭ ئورتاق مال - مۈلكى بولىدۇ. باشقا كېلىشىمى بولسا، بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. ئەر - خوتۇن ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مال - مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، باراۋەر ھوقۇققا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق مال - مۈلكى دېگەن ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە تاپقان مۈلۈكلىرىگە، جۈملىدىن ئەر - خوتۇن بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ ئەمگەك كىرىمى ۋە باشقا قانۇنلۇق كىرىملىرىگە، ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە ھەدىيە قىلغان ۋە مىراس تەگكەن مال - مۈلكىگە ئېيتىلىدۇ. ئەر بىلەن خوتۇننىڭ نىكاھلىنىشتىن بۇرۇنقى مال - مۈلكى، بالىلارنىڭ مال - مۈلكى ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مال - مۈلكى ئورتاق مال - مۈلۈككە كىرمەيدۇ. 2) ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق مال - مۈلۈككە بولغان ھوقۇقى بەلگىلەنگەن. ئورتاق مال - مۈلۈككە كەلسەك، ئۇنىڭ بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ كىرىمى بولۇشىدىن، شۇنداقلا كىرىمنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر، ئەر - خوتۇن ئىككىلا تەرەپنىڭ بۇ مال - مۈلۈكنى ئىگىلەش، ئىشلىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى باراۋەر بولىدۇ. ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ مال - مۈلۈكنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. 3) قانۇندا ئەر - خوتۇننىڭ باشقا كېلىشىمى بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. نىكاھ قانۇندا، ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئومۇمىي پرىنسىپ بولغاچقا، ئۇ، ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مال - مۈلككە ئىختىيار قىلىش ئاساسىدا ھەر خىل كېلىشىملەرنى تۈزۈشىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ. مەسىلەن: ئىككىلا تەرەپنىڭ نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى مال - مۈلكى ئورتاق ئىگىدارلىقتا بولىدۇ ياكى ئىككى تەرەپ نىكاھلانغاندىن كېيىن تاپقان مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىغا ياكى ھەممىسىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىگىدارلىق قىلىدۇ، دەپ كېلىشىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمى قانۇننىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. ئەر - ئايال باراۋەر بولۇش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىشقا ياكى 3 - تەرەپنىڭ ئەر - خوتۇنلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە

دەخلى - تەرۇز قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

4. ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 13 - ماددىسىنىڭ 1 - تارماقىدا: «ئەر بىلەن خوتۇننىڭ بىر - بىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قايسى تەرەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر تەرەپ ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغان ياكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان بولسا، قارشى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەگەر بىر تەرەپنىڭ ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى بار تۇرۇقلۇق، ئەمگەك قىلماي قارشى تەرەپنىڭ بېقىشىغا يۆلىنىۋېلىشىمۇ توغرا ئەمەس.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 14 - ماددىسىنىڭ 2 - تارماقىدا: «ئەگەر بىر تەرەپ بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، بېقىشقا موھتاج بولغان تەرەپنىڭ ئۇنىڭدىن بېقىش خىراجىتىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە ئىنتايىن زۆرۈر. بەزىلەر جورىسى كېسەل، مېيىپ بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمايدۇ. يەنە ئايرىم ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر نىكاھدىن ئاجرىشىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جورىسىنى باقماي ئۇنى تۇرمۇشتا ئىنتايىن قىيىن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر شۇ سەۋەب بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ماجىرا يۈز بەرسە، ئالاقىدار تەرەپلەر (ئورۇنلار) ياكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلىپ قويسا بولىدۇ. بېقىش خىراجىتى تەلەپ قىلغان تەرەپ خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز بەرسىمۇ بولىدۇ.

5. ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئۆزئارا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 18 - ماددىسىدا: «ئەر - خوتۇننىڭ مىراسقا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسى. بۇ خىل ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى نىكاھنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ.

نىكاھ قانۇنى ۋە ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، جورىسى، ئوغۇل - قىزى، ئاتا - ئانىسى بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلىق قىلغۇچىلار بولىدۇ. لېكىن رېئال تۇرمۇشتا بەزىلەر ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى خار كۆرۈشتەك فېئوداللىق ئىدىيىنى چىقىش قىلىپ، ئاياللارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى كەمسىتىدۇ ياكى ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلىدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا. ئاياللارنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا ياتلىق بولغان - بولمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئېرىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەرقانداق باھانە بىلەن بۇنىڭغا ئارىلىشىشىغا ۋە ئاياللارنى بۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

(بېشى 23 - بەتتە)

مەتكە ياردەملىشىپ، قىز مېلى ئېلىشتەك ئەسكى ئادەتنى ئۈزۈل - كېسىل بىكار قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. چۈنكى ئۇ پەقەت ئاياللار ئۈچۈنلا بىر خىل ھاقارەت بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ھاقارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خالىدە جالال تەرجىمىسى

# ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا مىجەزنى ماسلاشتۇرۇش

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر جەمئىيەتشۇناسى: تويدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئائىلە بوھرانى ئاسان يۈز بېرىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيتتۇر، — دېگەن.

بەزىلەرنىڭ: مۇھەببەت — قىزىل، نىكاھ — يېشىل، ئائىلە — سېرىق رەڭلىك بولىدۇ، دېپ تەرىپلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

سېرىق! بۇ رەڭ سوغۇقچىلىقنى بىلدۈرىدۇ.

كىتابخان! ئائىلىڭىز سېرىق رەڭگە تەۋەمۇ؟ قىزىلمۇ؟ ياكى باشقا رەڭمۇ؟

كۆپچىلىكنىڭ بۇ ماقالىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ھەزىم قىلىشىنى ۋە ئۆز ئائىلىسىگە تەتبىقلاپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇنداقمۇ ئەر - خوتۇنلار بولىدۇ:

ئېرى شۇنداق سەپرا مىجەزكى، خۇددى قېيىن ئانىغا ئوخشاش كۆرگەنلىكى ئىشقا چېپىلىۋېلىپ، ئائىلىدە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، خوتۇنى قىلغان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياراتمايدۇ. ھەتتا خوتۇنى تامغا بىرەر مىخ قېقىش ئۈچۈنمۇ ئېرىدىن «رۇخسەت» سورىمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭغا يارىشا خوتۇنىنىڭمۇ مىجەزى چۇس بولۇپ، ئۇ: ھازىر ئەر - ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر، جۈملىدىن ئەر - خوتۇنمۇ شۇنداق، نېمىشقا مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىكەنمەن، — دېپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ ئېرىگە يول قويمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىدۇ، ھەتتا ئېرىنىڭ قەستەن ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، ئوت ئۈستىگە ماي قۇيىدۇ. نەتىجىدە «ئۇلارنىڭ ئۆيى كۈندە جېدەل - ماجىرادىن خالى بولالمايدۇ». كېيىنچە خوتۇنى بىر دوستىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن پسىخولوگىيىدىن خەۋەردار بىر دوختۇردىن مەسلىھەت ئېلىپ: ئەرلەرنىڭ مەنمەنچى كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلار ئاچچىقلىنىپ تۇرغاندا، ھەرگىزمۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق تاقابىل تۇرماي، ئامال قىلىپ ئۇلارنى پەسكويغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىش لازىملىقىنى بىلىدۇ. ئۇ بىر قېتىم تاماقتىن بۇرۇن قاچىلارنى قايناق سۇدا دېزىنفېكسىيە قىلمايلا تاماق ئۇسقىلى تۇتۇش قىلغاندا، ئېرى ئۇنى ئەيىبلەيدۇ (چۈنكى ئۇ خوتۇنىغا كۆپ قېتىم تازىلىققا رىئايە قىلىش ھەققىدە گەپ قىلغان بولسىمۇ، خوتۇنى دىققەت قىلمىغانىدى). ئەگەر ئىلگىرىكى چاغلار بولسا، خوتۇنى بۇ كەمچىلىكىنى كۆڭلىدە بويىنىغا ئالسىمۇ، ئاغزىدا زادىلا قوبۇل قىلمىغان بولاتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇ ئۇنداق قىلماستىن، ئەستايىدىللىق بىلەن «دىققەت» ھالىتىدە تۇرۇپ: — «خوجايىن گېپىڭىز توغرا، خوتۇنىڭىز ئەينەن ئىجرا قىلىدۇ»، — دېپ، قاچىلارنى شۇئان ئاشخانىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ. ئېرى دەسلەپتە بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە ھاڭ - تاڭ قالىدۇ، كېيىن ئېسىنى يىغىپ خۇشال بولۇپ خوتۇنىنى سۆيۈپ قويىدۇ. «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ»

دېگەندەك مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۇلار بىر قېتىملىق «ئۇرۇش»تىن ساقلىنىپ، تۇرمۇشى خۇشاللىققا چۆمىدۇ.

جاھاندا پۈتتۈنلەي بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى يوپۇرماق بولمىغىنىدەك ھەرقانداق ئىككى ئادەمنىڭ ئەسلى - ۋەسلى، خاراكتېرى، تەلىپى، ھېسسىياتى ۋە ئىنكاسلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مىجەزنى ماسلاشتۇرۇشتا تۆۋەندىكىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم:

1. مەيلى ئېرى بولسۇن ياكى خوتۇنى بولسۇن ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن دەپ قاراپ، قارشى تەرەپنى ئۆزىنىڭ ھەممە تەلىپىنى ئورۇنداشقا مەجبۇرلىماسلىقى لازىم.

2. ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا پەقەت مۇھەببەتنىڭلا بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزىنىمۇ ۋە قارشى تەرەپنىمۇ چۈشىنىشى، ئىدىيە - ھېسسىياتىنى ئۇنۇملۇك ھالدا ئالماشتۇرۇشنى ۋە قارشى تەرەپنى كەچۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. چۈنكى، نىكاھ، مىجەز ۋە كەيپىيات جەھەتلەردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ھەل قىلالمايدۇ.

3. نىكاھلىنىش يېشىغا كەلگەندە ئادەمنىڭ مىجەز ۋە ئادەتلىرى ئاللىقاچان شەكىللەنگەن بولىدۇ. شۇڭا توي قىلغاندىن كېيىن قارشى تەرەپنى ئۆزگەرتىمەن دېمەي ئۆزىنى قارشى تەرەپكە ماسلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىش لازىم. ھەممە ئادەم مۇشۇنداق قىلسا، ئىككى تەرەپنىڭ مىجەزى ئۆزئارا ماسلىشىپ، تۇرمۇشتىمۇ بەختلىك بولىدۇ. مەسىلەن: بىر يەكشەنبە كۈنى ئېرىنىڭ سەيلە قىلغۇسى، خوتۇنىنىڭ دوستلىرىنى يوقلىغۇسى كەلسە ھەمدە ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالسا چوقۇم زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا: بۇ قېتىم ئىككىمىلەن بىللە سەيلە قىلىپ، كېلەر قېتىمدا دوستلىرىنى يوقلىسا ياكى ۋاقىتنى چەك تۇتۇپ، يېرىم كۈن دوستىنى يوقلاپ، يېرىم كۈن سەيلە قىلسا مەسىلە ئوبدان ھەل بولىدۇ.

4. ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە تەنقىدتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئەيىبلەش قانچىلىك ئاز بولسا، ئائىلە شۇنچىلىك ئىناق بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ شەخسىي ھېسسىياتنى چەتكە قېقىش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس، ئەمما ئوخشاش بىر جۈملە سۆزنى ئوخشىمايدىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: بىر تەرەپ ئاچچىقلىنىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا «سىرتتا سېنى بىرسى ئىزدەۋاتىدۇ» دەپ قويسىڭىز ئۇ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزگەندە سىز يوشۇرۇنۇۋالسىڭىز ئۇ چوقۇم كۈلۈپ تاشلايدۇ. ئۇ بىر مەسىلىنى تالاشقاندا، سىز گەپنى شاخلىتىپ، نىشاننى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋەتسىڭىز ياكى بىرەر باھانە تېپىپ ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالسىڭىز ياكى گەپ قىلماي ئۇز مەيلىگە قويۇپ بەرسىڭىز كوپ ئۆتمەستىن ئۆزى يالغۇز ئاچچىقلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى سېزىپ، ئۆزلۈكىدىنلا توختاپ قالىدۇ.

5. ئېرىنىڭ (خوتۇنىنىڭ) كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى خام خىيال قىلماسلىق لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىگە كۆڭۈلدىكىدەك بىلىنىدۇ.

ئابلەت توختى تەرجىمىسى



# ئىشق باشقا، ھەۋەس باشقا

جۈرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ يۈزىدىن توقسەن توققۇزى ئائىلە قۇرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن بۇ ئائىلىگە جۈرىلارنىڭ ھەممىسىمۇ بىر خىل ئالىي، بىر خىل ئىنتىلىش، بىر خىل تەييارلىق، بىر خىل ئارزۇ - ھەۋەس بىلەن كەلمەيدۇ. ئەقىل - ئىدراك، ئادىمى مۇناسىۋەت، چىن مۇھەببەت، ياخشى تىلەك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئائىلىلەر گۈللەپ - ياشنايدۇ. غەرەز، خىرىس، ئالدامچىلىق، زورلۇق ئاساسىدىكىلىرى بولسا، بەزىسى ئاي ئۆتمەيلا، كۆپىنچىسى يىل كۆرمەيلا قازاغا ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە ئۈلگىلىك ئائىلىلەرنىڭ ھەددى ھېسابى يوق. ئەمما بىز ھازىر بۇ ھەقتە ئەمەس، سۆيگۈ يېشىغا يەتكەندە ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغان بەزى ئالدىراقسانلار ئۈستىدە توختالماقچىمىز:

ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلىق بىر قىز قىرىق ياشتىن ئېشىپ كەتكەن بالا - چاقىلىق بىر ئادەمنى «ياخشى كۆرۈپ» قاپتۇ. گەرچە ئۇ ياخشى ئىش قىلمىغان بولسىمۇ، بىز ئۇنى ھازىرچە «ياخشى قىز» دەپ تۇرايلى، ئەنە شۇ «ياخشى قىز» بىزگە يازغان مەكتۇپىنىڭ ئاخىرىدا:

«... ئۇ كىشىنىڭ ۋاپادار رەپىقىسى بولسا، قىز بۇنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ ياخشى كۆرۈپ قالسا قانداق بولىدۇ. قىز نېمە قىلىشى كېرەك؟» — دەپ سوراپتۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەركى، بايقۇشنىڭ دەردى يامان.

ياخشى قىز، يۈرىكىڭىزدە بىخەستەلىكتىن لاۋۇلداپ كەتكەن ئوت سىز ئويلىغىنىڭىزدەك مۇھەببەت ئوتى ئەمەس، ئۇ بىر خام خىيال، توغرىراقى ئۆتكۈنچى ھەۋەس. سىز ئۆزىڭىزنى ئىنساپقا، ئەقىل - ئىدراكقا چاقىرىڭ. بۇ ئىشق قايىنىمى ئەمەس، ھەۋەسنىڭ ئەسەبىيلىك ھالىتى ئىكەنلىكىگە، شىكەستە كۆڭلىڭىزدىن، خۇلق ئېتىبارىڭىزدىن، ناھايەت، سىزنى بىبەقارار قىلغان مۇشۇ ئادەمدىن، جەزبە ئامىللىرىنى قېيدىرىڭ. بەلكى ئۇ ئادەم ناخشىچى ياكى چالغۇچىدۇر، يازغۇچى ياكى رەسسامدۇر، ئەگەر سىزدىمۇ سەنئەتنىڭ شۇ تۈرلىرىنىڭ بىرەرسىگە ياشلىقىڭىزدىن تارتىپ چىن قەلبىڭىزدىن ئىشقۋازلىق بولسا، دېمەك، ئۇ كىشى سىزنى سەنئىتى بىلەن سېھىرلەپتۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، قىزلاردا (يىگىتلەردە ھەم) تۇغۇلىدىغان سۆيگۈ، ھەيران قېلىشتىن، زوقلىنىشتىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ نېمىسىدۇر ياقىدۇ، مەپتۇن قىلىدۇ، سىزدە ھەم شۇنداق بولغان. مۇنداق ھاللار كۆپرەك تەسىرچان ئادەملەردە ئۇچرايدۇ. تەسىرات ئۇنى ھەر كويغا سالىدۇ. گاھ يىغلىتىدۇ ياكى كۈلدۈرىدۇ، گاھ سۆيۈندۈرىدۇ ياكى نەپرەتلەندۈرىدۇ، ھەتتا قالتىس ھەرىكەتلەرگىچە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىختىيار جادۇگەرى ئۆز نىسۋىسىدىن،

كېچىپ، ئادەم دورىدىن (ھەرارەتتىن) چۈشىچۇ؟ ئۇنىڭدا ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن خىجالەت بولىدۇ. قارىغۇلارچە ھەرىكىتى ئۈچۈن ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ھەرىكىتى ئەل ئاغزىغا چۈشكەن بولسىچۇ؟ ئۇ نومۇس كۆچىدىن يەرگە كىرىپ كېتىدۇ. ياخشى قىز، سىزنىڭ ئەتكى كۆڭلىڭىزدىمۇ شۇ گەپ بار تېخى. قاراڭ يېشى ئۆزىڭىزنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ، يەنە ئوچۇقراق ئېيتقاندا خوتۇن - باللىرى بار دادىڭىزدەك بىر كىشىگە «كۆڭۈل» بەرگەنسىز. «ھاياتتا مۇنداق ئەھۋاللار ئۇچرىمامدۇ؟» دەرسىز. توغرا، ئۇچرايدۇ. لېكىن قەيەردە، قانداق ھالەتتە؟

قىز كىچىك تۇرۇپ ئالدىرىغان، يەنى تېزرەك بىرسىگە تېگىۋېلىش كويىغا چۈشكەن، بېسىۋاتقان قەدىمىنى ئاخىرى پۇشايمانلىق، شەرمەندىلىك ئورنىغا غۇلىتىش مۇقەررەرلىكىنى ئويلاپ كۆرمىگەن بولسا، ئەر چوڭ بولۇپ قالغان تۇرۇپمۇ خۇدىنى يوقاتقان، يەنى ئۆز ھاۋايى ھەۋىسىنى ئويلىغۇچى، قېلىن، يېشىغا ياراشمايدىغان قىلىقلاردىن ھەزەر ئەيلىمەيدىغان نومۇسسىز، خەلقى ئالەم ئالدىدا قارا يۈز بولۇشتىن قورقمايدىغان ۋىجدانسىز ئادەم بولسا، سىزنىڭ بېشىڭىزغا چۈشكەن سەۋدا سادىر بولىدۇ.

ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ بولمىغان ئادەمگە كۆڭۈل بېرىپسىز دەپ سىزدىن يالغۇز ئۆزىڭىزدىن خاپا بولساق، ئۇچۇشقا تەلپۈنۈپ تۇرغان كۆڭۈل قۇشىڭىزنى ھىيلە - مىكىر بىلەن تۇزاققا ئىلىندۇرغان، ئۇ نائىنساپنى ئاقلىغان بولىمىز. ياق ئۇنى ئاقلاش ئويـمىز يوق، زادى ئاقلىيالمايمىز. بۇ نامۇناسىپ ھەرىكەتتە سىز قانچىلىك خاتا قىلغان بولسىڭىز، ئۇ ئادەم ھەم ئەخلاق بابىدىن شۇنچىلىك ھاياسىزلىققا يول قويغان. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، زامانىمىز ئەخلاقىنى، ئادەمگەرچىلىك بۇرچىنى ئاياغ - ئاستى قىلغان. ئەسلىدە ئۇ كىشى بالىسىدەك، تەجرىبىسىز بىر قىزنىڭ ئۆزىگە باشقىچە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى توغرى يولغا سېلىپ قويۇشى، جاراھەتنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇ كىشى ئۆز نەپسىنى ئويلىغۇچى، ئەقلى - ھوشىنى يوقاتقان شەپقەتسىز ئادەم ئىكەن.

مەكتۇبىڭىزدىن مەلۇم بولۇشىچە، سىز ياخشى قىز، بەدىئىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇيدىكەنسىز، بۇ سىزدە ئىستېتىك ھېس - تۇيغۇلارنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ ياخشى ئەمما بەدىئىي ئەسەرلەرنى پەقەت زوقلىنىش، قەھرىمانلار بىلەن بىللە كۈلۈش ياكى بىللە يىغلاش ئۈچۈنلا ئوقۇمايدۇ. كىتابتىن ھاياتنى، ياخشىلارغا ئەگىشىپ، يامانلاردىن ئىبرەت ئېلىشنى ئۆگىنىمىدۇ. شۇڭا ھاياتنى تەجرىبە ئارقىلىق بىلمىگەندىمۇ، ئوقۇغان كىتابلىرىڭىزدىن ئانچە - مۇنچە بىلىۋېلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى، سىز بولسىڭىز ئىشق بىلەن ھەۋەس پەرقىنىمۇ ئايرىيالمىغانسىز. ئويۇقتىكى كىتابلىرىڭىزنى ۋاراقلاپ كۆرۈڭ. بەلكىم شۇ ۋاراقلارنىڭ بىرەرسىدىن بىلمەي بېسىپ قويغان قەدەملىرى ئاقىۋىتىدە قاڭقىر قاقشاپ قالغانلارنىڭ پەريادى ئاڭلىنىدۇ.

مانا ئۇلاردىن بىرى:

بىلمەيمەن باستىم تىكەننى،
تارتۇرمەن جەبرىنى.
بىلسەم ئەردىم، باسماس ئەردىم،
تارتماس ئەردىم دەردىنى.

سىزچۇ، ياخشى قىز قەدىمىڭىزنى بىلىپ باستىڭىزمۇ؟ ياق، بىلمەيسىز. بىلگىنىڭىزدە مۇنداق ئارسىز قەدىمىڭىزدىن ھەزەر ئەيلەپ، قىزلىق ئىپپەت ۋە نومۇسىڭىزنى شەبنەم گۆھەرلىرىگە ئوخشاش تازا، داغسىز ساقلار ئىدىڭىز. سىز «كۆكۈل بەرگەن» كىشىڭىزنىڭ رەپىقىسى، بالا - چاقىسى، ئىسسىق ئۆيى، شېرىن بەختى بارلىقىنى بىلىسىز، بىلىپ تۇرۇپ شۇ ئىسسىق ئۆينى بۇزماقچىسىز، ئاتا - ئانىسى باغرىدا بەختىيار ياشاپ تۇرغان سەبىي بالىلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكىلىرىنى مۇسىبەت يىغىسىغا ئايلاندۇرماقچىسىز، ئېرىگە ۋاپادار ھايات يولدىشى، بالىلىرىغا مېھرىبان ئانا بولغىنى ئۈچۈن دۇنيادا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېسابلاپ، پەخىرلىنىپ، بېشى ئاسمانغا يېتىپ يۈرگەن گۇناھسىز بىر ئايالنى باغرى تاشلىق بىلەن ۋەيران قىلماقچىسىز، ئۇنىڭ بەختىنى ئوغرىلاپ ئالماقچىسىز. قىزلىق غۇرۇرىڭىزغا ھېچ ياراشمايدىغان شۇ ناباپ قىلىقىڭىز بىلەن تىكەننى دەسسەپلا قالماي، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتىرىنى قىلىۋاتىسىز. سىز ئۆزىڭىز ئۇ بەختلىك ئائىلە باغرىغا شۇم بۇيا تىكەن بولۇپ سانجىلىۋاتىسىز.

سىز مەسىلىنىڭ نېگىزىدىكى شۇ خۇنۇك ئاقىۋەتنى ئويلىدىڭىزمۇ ياخشى قىز! ئويلاپ كۆرمىگەن بولسىڭىز، ياخشى ئويلاڭ، ئەلۋەتتە. زىنھار يۈزەكى ئويلىماڭ. ئۆزىڭىزنى مۇشۇ يامان ھەرىكەتلىرىڭىز ئاقىۋىتىدە زارۇ - زار قاقشاپ قالىدىغان بىچارە ئايال ئورنىغا، قان يىغلاپ گۇناھسىز بالىلارنىڭ بەختىنى ئوغرىلاتقان ئانىسى ئورنىغا قويۇپ كۆرۈڭ. بىر نەپەس بولسىمۇ شۇنداق قىلىپ كۆرۈڭ. ئەگەر بىر يامان قىز قىزلىق شەنىگە توغرا كەلمەيدىغان پەسكەش قىلىقلار بىلەن يارىڭىزنى ئايلاندۇرۇپ كەتسە، يەنى بالىلىرىڭىزنىڭ ئاتىسىنى باغرى تاشلىق بىلەن ئازدۇرۇپ كەتسە، قېنى سىز نېمىمۇ قىلالايتتىڭىز، ياخشى قىز؟ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتىڭىز؟

كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرغىنىڭىزغا قاراپ، بىز سىزنى ئەستېتىك تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەممىكىن دېگەن ئىدۇق. قىزلىق ئەستېتىك تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەم ئىنسانپەرۋەر بولاتتى، ئۆزىنىڭ بەختى ياكى راھىتىنى دەپ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىشتىن ساقلىناتتى. سىزدە بولسا، بۇلارنىڭ ئەكسى.

شۇ يەردە خەلقىمىزنىڭ بىر ھېكمەتلىك سۆزى ئېسىمىزگە چۈشتى. «پىچاقنى ئۆزەڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىلارغا» دەيدۇ. سىزچۇ، ياخشى قىز؟ پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزىڭىزگە سانجىماي تۇرۇپ باشقىلارغا سانجىۋاتىسىز!

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:

هاكىم جاپپار



# بالىلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش

بالىلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكى ئاتا-ئانىنىڭ ھەممىدىن بەك بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىش. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بۇنى كونكرېت تەھلىل قىلماستىن، قاتتىق ۋارقىراش ياكى دۇمبالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىكەن، ئۇ چاغدا بالا ياخشى يولغا ماڭمايلا قالماستىن، بەلكى سەممىيەتسىزلىك يولىدا بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىدۇ.

سەممىيەتسىزلىك دېگىنىمىز، بالىنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي-پىكرى بىلەن بىردەك بولماي كىشىگە ساختا ئىنىكاس بەرگەنلىكىگە قارىتىلغان. بالىنىڭ سەممىيەتسىز خاراكتېرى ئۇنىڭ يېشى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. چۈنكى ئادەم ئېغىز ئارقىلىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بەدەن ئەزالىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە چوڭ مېڭىگە تايىنىدۇ. ئۆسمۈر — بالىلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن، تىلغا ئاجىز، ھەرىكىتى ئاددىي ۋە كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولىدۇ، يېشىغا ياش قوشۇلغانسېرى بالىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى يېتىلىپ، چوڭ مېڭىسىنىڭ تىلنى ئىپادىلەشكە بولغان يېتەكچىلىكى كۈچىيىدۇ، ھەرىكەتكە بولغان يېتەكچىلىكى قىيىنلىشىدۇ. يەنى ھەرىكەت تىلدا ئىپادىلىگەن تەلەپكە يېتىشەلمەيدۇ. شۇڭا، قۇرۇق، يالغان، لاپ گەپلەر كۆپىيىپ، بارا-بارا سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولماسلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى مۇھىتنىڭ يامان تەسىرى قوشۇلۇپ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۆسۈۋاتقان بالىلاردا سەممىيەتسىزلىكنىڭ پاسسىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ قېلىپلىشىشى تەدرىجىي كۈچىيىپ بارىدۇ.

بالىلارنىڭ مۇشۇنداق فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا بولغان دەسلەپكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، خەتەرلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تەربىيىنى جايىدا نىشانلىق ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بالىلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. ئادەتتە، بۇنىڭدا مۇنداق بىرنەچچە خىل ئەھۋال بولىدۇ.

بىرىنچى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەش. بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا ئۇچراشقان ھەممە نەرسىلەر يېڭىلىق، قىزىقارلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى جەمئىيەت ۋە ئائىلىنىڭ بالىلارغا بولغان دەسلەپكى زېھىن ئېچىش تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى، كىنو، تېلېۋىزىيە، بالىلار رەسىملىك كىتابى ۋە ئاتا-ئانىنىڭ سۆزلىگەن ھېكايىسى بالىلاردا گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلار كاللىسىدىكى خام خىيال بىلەن رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسپات تېپىشقا جىنىنىڭ بارىچە ئۇرۇنىدۇ؛ بەزىدە ئۇلار كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن بەزى سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ئۇقۇم ۋە مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى سۆزلەرنى مەسىلەن: «بىزنىڭ بالىلار باغچىمىز ناھايىتى چوڭ، تىيەنئەنمېن مەيدانىدىنمۇ چوڭ»، «مەن بۈگۈن بەش چىنە تاماق يېدىم، ئىككى چەينەك چاي ئىچتىم» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئەگەر ئاتا-ئانا بالىنى ئەيىبلىسە ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە غۇرۇرىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئەھۋالنى سوراپ ئېنىقلاپ، خاتا يېرىنى كۆرسىتىپ، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، بالىنىڭ خاتالىقىمۇ تۈزەتكىلى، نەزەر دائىرىسىنىمۇ كېڭەيتكىلى ۋە بىلىمىنىمۇ بېيىتقىلى بولىدۇ.

# بېنگال قىزلىرىنىڭ دەردى



«دادام ئېرىمگە ۋېلسىپىت بىلەن تىلېۋىزور ئېلىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ مېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى». خۇرشىدە جاھان ئىسىملىك بىر قىز كىشىلەرگە ئۆز ھالىنى مۇشۇنداق بايان قىلدى. بۇ قىزنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئەھۋاللارنى داككادا چىقىدىغان گېزىتلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك خەۋەر قىلىپ تۇرىدۇ.

قىز مېلى ئېلىش بېنگالدا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئۆرپ-ئادەت. قىز ياتلىق بولسا، ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا نۇرغۇن مىقداردا قىز مېلى قوشۇپ بېرىدۇ. ئەگەر قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى يىگىت تەرەپنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىپىنى قاندۇرالمىسا، تويدىن كېيىن كېلىن چوقۇم ئېرى بىلەن قېيىن ئاتا-قېيىن ئانىسىنىڭ خارلىشىغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ ياكى ھالاكەت يولىغا ئىتتىرىلىدۇ. خۇرشىدە جاھان ئەنە شۇنداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ قەدىمكى ئادەت ئۆزگەرمەكتە يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، بىر خىل ئىجتىمائىي قائىدە-يوسۇن بولۇپ قالدى. گەرچە ھۆكۈمەت قانۇن ئارقىلىق قىز مېلى ئېلىشنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بېنگالنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا بۇ قانۇن پەقەت قەغەز يۈزىدىكى ئىش بولۇپلا قالدى.

---

(1949-يىل)، «ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى» (1952-يىلى)، «تۈركلەر تارىخىدا بۇددا دىنى» (1954-يىل) قاتارلىق مۇھىم ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى؛ 1960-يىللاردىن باشلاپ، قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى، دىنى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى جەھەتتىكى تەتقىقات بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى» (1967-يىل)، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (1973-يىل)، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ھەققىدە مۇقەددىمە» (1979-يىل) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. 1982-يىلى جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا بېيجىڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بىر قاتار ئىلمىي دوكلاتلارنى بەردى. ۋون. گاباين خانىم تا ھازىرغىچە نىكاھلانماي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئەركىن قۇتلۇق تەرجىمىسى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بېنگالدا قىز مېلى دېلولىرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. قىز مېلى ئېلىشتەك يامان ئادەتنىڭ يامراپ كېتىشى بېنگال ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۈنسېرى تۆۋەنلەتمەكتە. كۆپلىگەن كىشىلەر: «كىمنىڭ قىزى بولسا ئۇ شۇ ئائىلىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ، كىمنىڭ ئوغلى بولسۇن ئۇ شۇ ئائىلىنىڭ مال - دۇنياغا ئىگە بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن قاراشتا بولماقتا. بۇ كۆز قاراشنى قوبۇل قىلىدىغان بېنگاللىقلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. تاۋار ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قىز مېلىنىڭ تۈرى ئالتۇن - كۈمۈش، زىننەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك ۋە جابدۇقلاردىن تەرەققىي قىلىپ، ھازىر تېلېۋىزور، سىنئالغۇ ۋە پىكاپ قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلارغا يەتتى.

بېنگال دۇنيا بويىچە ئاھالىنىڭ ئوتتۇراچە كىشى بېشى كىرىمى ئەڭ تۆۋەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ناھايىتى ئاز ساندىكى ئاتا-ئانىلارلا ئاشۇنداق كۆپ قىز مېلى تەييارلىيالايدۇ. قىز مېلى ئېلىش تۈزۈمىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، بېنگال ھۆكۈمىتى 1980-يىلى قىز مېلى ئېلىشنى چەكلەش قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم ئۇنىڭغا 1984 - يىلى قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزدى. بۇ قانۇندا قىز مېلى قوبۇل قىلغانلارغا قاماق جازاسى بېرىش ياكى جەرىمانە قويۇش بەلگىلەندى. ئاياللارنى قوغداش ئۈچۈن بېنگال ھۆكۈمىتى 1984 - يىلى يەنە ئاياللارنى خارلاشنى مەنئى قىلىش قانۇنىنى تۈزدى. ئەيساكاننام ئىسىملىك 38 ياشلىق بىر ئاتاقلىق ئايال پائالىيەتچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قانۇنلار مەلۇم دەرىجىدە تەشۋىقات ھەم قىز مېلى ئېلىشنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى چەكلەش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن مەمۇرىي جەھەتتىن كۈچلۈك قوللاشنىڭ كەملىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئاياللارغا بولغان كۆز قارىشىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، ئالدىن مۆلچەرلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتنىڭ دېلو بېجىرىش ئۈنۈمىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان تارماقلارنىڭ ياخشى ماسلىشالمىغانلىقى ئارقىسىدا نۇرغۇنلىغان دېلولار ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۆپلىگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئاياللارنىڭ قانۇن راسخوتىنى تۆلەشكە چامى يەتمىگەنلىكتىن، بەزىبىر قىز مېلى دېلولىرى ئېسىپ قويۇلماقتا. ئايال تەرەپ ئۈچۈن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى مەدەت كەم بولغانلىقتىن، ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا مۇرەسسەگە كېلىپ، دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامال بولمايۋاتىدۇ. ئەرلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان ئاياللارنىڭ 98 پىرسەنتى ئۆزلىرى ئىززەت-ئابرويى بىلەن ئەرلىرىنىڭ ئالدىغا بارالماي، ئاياللار تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردەم قىلىشىنى سورايدۇ. بېنگال دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاياللار تەشكىلاتلىرى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئاياللارغا قانۇن ياردىمى بىلەن تەمىنلەۋاتقان بولسىمۇ، ھەتتا ئۇلارنى زۆرۈر بولغان تۇرالغۇ جاي بىلەن تەمىنلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەش يەنىلا قىيىن بولۇۋاتىدۇ.

ئاياللارنى قانۇننىڭ قوغدىشىغا تېخىمۇ ياخشى ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇلتۇردىن باشلاپ بېنگال ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئائىلە ئىشلىرى سوت مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلدى. بۇ سوتلارنىڭ خىزمەت تەرتىپى ئاددىي بولغانلىقتىن، نامرات ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى يوق ئاياللارنىڭ ئىنتايىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. ئەيساكاننام ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ھۆكۈ-

(ئاخىرى 13 - بەتتە)



# ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1990 - يىل سېنتەبىر (3)

## ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتىنى تەكشۈردى

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يولداش سەدەپقان پەيزىۋات، قەشقەر كونىشەھەر، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەرگە بېرىپ ئاياللار ئارىسىدا «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق ئىگىلىدى. يولداش سەدەپقان يەنە بۇ ناھىيىلەرنىڭ قىسمەن يېزىلىرىغا بېرىپ جەمئىي 36 نامرات ئائىلىنى، كەنت فۇدەيخۇي كادىرلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئايال ماھىرلارنى ۋە «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقىسىگا قاتنىشىۋاتقان ئاياللارنى زىيارەت قىلدى ھەمدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىغان پاختا ئېتىزى، بۇغداي ئېتىزى، ئۆي ھايۋانلىرىنى سۈپەتلىك نەسىللەندۈرۈش پونكىتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. مۇشۇ ناھىيىلەردە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولغان ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنىڭدەك يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، كەنت فۇدەيخۇيىنىڭ مۇدىرلىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتى بويىچە ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىگە ۋەكالىتەن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا «مەملىكەتلىك ئىلغار ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە مۇكاپات لوڭقىسىنى تارقىتىپ بەردى.

پەيزىۋات ناھىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى نامراتلارنى يۆلەشتە نۇقتىلىق ياردەم قىلىدىغان ناھىيە بولغاچقا، يولداش سەدەپخان ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىگە ۋەكالىتەن ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە قاتناش قورالى ھەل قىلىۋېلىش ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى تاپشۇرۇپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ ناھىيىگە «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى ۋە «ھەمراھ» ژۇرنىلىدىن 400 دانە، «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 500 يۈەن راسخود ياردەم قىلدى.

ئارزىگۈل تۇرسۇن

تۇرپاندا
رادىئو -
باشلىقلىر
تېپى» ئ
تۇرپان
ئاياللار بىر
ياش - ئۆس
ئىلمىي ئۇسۇ
بىرىلەپ،
ئىگىلىرى
تىلىۋېلىۋېرۈپ
ئۈچۈن، يەرلى
ۋە خەلق ھ
نىڭ ئەھمى
رىشى ئار
شەھەرلىك
تېلېۋىزىيە
قاتارلىق ئ
بىلەن بىرل
1990 - يىل
نىڭ 1 - كۈ
قېتىملىق راد
ئىلە باشل
مەكتىپى»نى
بۇ مەكتەپنىڭ
تى بىر يى
ئۇنىڭدا ئۆي
خەنزۇچە ئ
تىلدا دەرس
مەملىكەتلىك
بىرلەشمىسى
«ئاتا - ئانىلار
سى» دەرس
نىپ، جەم
پارچە د
ئۆتتۇلىدۇ.
پەرىدە

## ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى رايون، ناھىيىلەرنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا ئاياللارنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى

يېقىندا ئاخىرلاشقان ئۈرۈمچىدىكى يەتتە رايون، بىر ناھىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، ئايال ۋەكىللەرنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن 1258 نەپەر رايون، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە، ئاياللار 338 نەپەر بولۇپ، سايلانغان ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 26.87 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكى سايلامدىن 16.7 پىرسەنت ئېشىپ كەتتى. بۇ تارىختىن بۇيانقى رايون، ناھىيىلەرنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىكى ئەڭ يۇقىرى نىسبەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تىيانشان رايونىدىكى ئايال ۋەكىللەرنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 34.7 پىرسەنتكە يېتىپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 4.76 پىرسەنت ئاشتى.

سايلامدىن كېيىن يەتتە رايون، بىر ناھىيىنىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك بەنزىسىدە ئايال رەھبەرلەردىن ئالتە كىشى كۆپەيتىلىپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 31 پىرسەنت يۇقىرى بولدى. ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدە، ئايال رەھبىرىي كادىرلار ئۆتكەنكى نۆۋەتتىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى.

چۇلەن

* ------------ *

### يېڭىسار ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللاردىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى

يېڭىسار ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئاياللاردىن كەلگەن 59 پارچە ھەرخىل خەت - چەكلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، ئانا - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىغان ھالدا ئۇلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئابلەمەت يۈسۈپ، ئانارگۈل نۇر

### قاراماي شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈلگىلىك ئائىلىلەردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

يېقىندا، قاراماي شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئون ئائىلىگە ئۈلگىلىك ئائىلە دەپ شەرەپلىك نام بەردى ھەمدە ھەر مىللەت ئاياللىرى ئىچىدە ئۈلگىلىك ئائىلىلەردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى ئۈلگىلىك ئائىلىلەردىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

# گۈللەر پۇرەكلەپ ئېچىلغان چاغ



بۇ مېھمانخانىدا ناھايىتى گۈزەل ھەم نازاكەتلىك بىر مۇلازىمەتچى قىز بار. ئۇ خېرىدارلارغا ئىنتايىن سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، خىزمەتنى كۆڭۈلدىكىدەك بەجا كەلتۈرۈپ ئىشلەيدۇ. شۇڭا، خېرىدارلار ئۇ ھۆددىگە ئالغان جايدا ئولتۇرۇپ تائاملانغاندا، ئۆزىنى ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ھېس قىلىدۇ. مالىيە-سودا سىستېمىسىنىڭ يېقىندا ئېچىلىدىغان ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا مېھمانخانىدىن بىرنەپەر مۇلازىمەتچى قاتنىشاچى ئىدى. دەل شۇ قىز نامزات بولۇپ سايلاندى.

مېھمانخانا تىجارىتىنى توختىتىپ، مۇلازىمەتچىلەر يىغىن ئاچتى. مېھمانخانىنىڭ دىرېكتورى خېرىدارلاردىن كەلگەن بىر پارچە رەھمەت خېتىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ بەردى، خەتتە دەل شۇ قىزغا تەشەككۈر ئېيتىلغانىدى.

خەتنى «بىر پۇتى مېيىپ بوۋاي» يازغان ئىكەن، بوۋاي خېتىدە قىزنى ماختاپتۇ، ھەمدە قىزنى ئاشۇنداق تەربىيىلىگەن رەھبەرلەرگىمۇ رەھمەت ئېيتىپتۇ. خەت ھېسسىياتلىق يېزىلغانىمۇ، ياكى دىرېكتور ھېسسىياتلىق ئوقۇدىمۇ، قىسقىسى خەتتىن ھەممەيلەن تەسىرلەندى، دىرېكتورنىڭ چىرايىدىنمۇ تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى، كۆپچىلىك قىزنىڭ ساھىبجامالىغا تىكىلگەن ھالدا، ئۇنىڭ قەلبىنىڭمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

قىز سەل دىلىغۇل بولۇپ، بىر-ئىككى كۈندىن بۇيان مېھمانخانىغا كەلگەن-كەتكەن خېرىدارلارنى ئەسلەپ باقتى، لېكىن «بىر پۇتى مېيىپ بوۋاي»نى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. ئىچىدە «بەلكى بوۋاي باشقا بىر مۇلازىمەتچى قىلغان ياخشى ئىشنى خاتالىشىپ مېنى قىلدى، دەپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى-دە، بىئارام بولۇپ جايىدا ئولتۇرالماي قالدى.

— خەتتە يېزىلغان مۇلازىمەتچى قىز مەن ئەمەس! — ئۇ ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ توۋلىۋەتتى، ئۇنىڭ چىرايى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ھەممەيلەن ئۇنى كەمتەرلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاشتى، يىغىنمۇ تۈگىدى.

قىز بېشىنى تۆۋەن سېلىپ لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا ئاستا كېتىۋاتاتتى. گۈگۈم ۋاقتى ئىدى. كەچكى شەپەق ئۇنىڭ چىرايلىق ھەم گۇمان ئىپادىلىنىپ تۇرغان يۈزىگە چۈشتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئۇ كۆك رەڭلىك قولياغلىقىنى تولغاپ ماخار قىلىۋەتتى. لېكىن خەتنىڭ سىرىنى زادى تاپالمىدى. تېزرەك ئۆيىگە قايتىپ يوتقانىنى پۈركەپ يېتىپ يىپ ئۇچىنى تاپماقچى بولدى. ئۇ كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە توساتتىن يىگىتى بىلەن ئۇچرىشىدىغان چاغ بولۇپ قالغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ بۇ يىگىت بىلەن تونۇشقىنىغا ئەمدىلا بىر ئاي بولغانىدى. ئۇ ئىچىدە «ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويمايلي» دەپ ئوي-

لىدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ پۈتۈشكەن جايغا قاراپ ماڭدى.

مۇھەببەتنىڭمۇ ئادەت كۈچى بولىدۇ. قىز ـ يىگىتلەر تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان يەرنى گويا بەختىنىڭ مۇقەددەس ماكانىدەك بىلىپ، شۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ. بۇ يەر جىمجىت، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان خىلۋەت جاي ئىدى. ئەمما يېقىن ئەتراپتىكى سۇ چۈشۈرگۈسى يوق ھاجەتخانىدىن كەلگەن سېسىق پۇراق گۈل پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كىشىنىڭ كەيپىگە تەسىر يەتكۈزەتتى. جاھان دېگەن شۇنداق، خۇش پۇراقمۇ، سېسىق پۇراقمۇ بولىدۇ. ئۇ كېلىپلا يىگىتنىڭ تاقەتسىزلەنگەن چىرايىدىن ۋە يەرگە تاشلانغان بىر نەچچە تال تاماكا قالدۇقىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى خېلى ئۇزۇن ساقلىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا يىگىتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ روھلاندى ۋە يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

ئۇلار سالاملاشتى. كەينىدىنلا قىز يەرگە تىكىلىپ جىم تۇرۇۋالدى ۋە قوشۇمىسىنى سەل ـ پەل تۈرىۋالدى. چۈنكى ھېلىقى غەلىتە رەھمەت خېتى ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە كەلگەنىدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى يىگىت.

— ھېچنېمە، — دېدى قىز بېشىنى چايقاپ.

ئۇلار خېلى شېرىن مۇڭداشقان بولسىمۇ، بىراق، ھېلىقى غەلىتە خەت قىزنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمىدى، ئىككى كۈندىن بۇيانقى كەلگەن ـ كەتكەن خېرىدارلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. «بۇنداق ئادەم كەلمىگەنىدى، بۇ، چوقۇم باشقىلار قىلغان ‹ياخشى ئىش›. ھارام ئالغان ئىنئام ئوغرىلىق قىلغان بىلەن باراۋەر» دەپ ئويلىدى قىز ئىچىدە.

— زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنىدى؟ — دەپ سورىدى يىگىت تىتىلداپ. قىز يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويۇپ، يىگىتكە ھېلىقى رەھمەت خېتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. يىگىت كۈلۈپ كېتىپ:

— مۇشۇ كىچىك ئىشقىمۇ، ... — دېدى.

— كىچىك ئىش دەمسىز؟ بۇرۇختۇرما بولۇپ ئۆلەي دەپ قالدىم، ... — دېدى قىز كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ.

— ئۇنى مەن يازغان، — دېدى يىگىت بىپەرۋالىق بىلەن.

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟ — دېدى قىز ئىشەنمەي.

— ئىشەنمەمسىز؟ — بولمىسا پۈچۈركىسىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ!

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، — سىز ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشسىڭىز، مەنمۇ ئۆزۈمنى شەرەپلىك ھېس قىلىمەن، .... — يىگىت قىزنىڭ قۇلىقىغا تاتلىققىنا پىچىرلىدى ـ دە، قىزنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىشىنى كۈتتى. چۈنكى 80 ـ يىللاردىكى قىزلار نېمىلەرنى قىلمايدۇ، دەيسىز.

توساتتىن «چاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يىگىتنىڭ سول مەڭزى ئېچىشىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. يىگىت بېشىنى كۆتۈرگەندە، قىز يۈزىنى ئېتىۋېلىپ ھۆڭرەپ يىغلىغان پېتى كېتىۋاتاتتى. يىگىت ئۇنى كەينىدىن قوغلاشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى، ئۇ قوغلاپ بارغان بىلەنمۇ ھېچبىر نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئوڭ مەڭزىنىمۇ شاپىلاق تېگىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. ئۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇردى ـ دە، ئاندىن مەست ئادەمدەك ئۇياق ـ بۇياققا سەنتۈرۈلۈپ ئاستا كېتىپ قالدى.

كېچىدىكى سالقىن شامال ھاجەتخانىنىڭ سېسىق پۇرىقى بىلەن گۈللەردىن گۈپۈلدەپ چىققان خۇش پۇراقنى بىللە ئېلىپ كېلىپ دىماغقا ئۇرماقتا ئىدى.

تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى




(ھېكايە)

مەرمۇھسىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)

قۇمرى ئىنستىتۇت بېغىدىكى پروفېسسور ھەيكىلى يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، ئىزدىگەن دوستلىرىمۇ ئۇنى شۇ يەردىن تېپىشاتتى. ئۇ ھازىرمۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئوقۇشقا باشلىغان بابىنى تۆگىتەر-تۆگەتمەستىن، ئالدىدا پەيدا بولغان شوخ دوستلىرى دىققىتىنى تارتتى. كىمدۇر شەرەت بىلەن ئۇنى چاقىردى. قۇمرى كىتابنى يېپىپ، دوستلىرى ئالدىغا ماڭدى، بېرىپ كەيپى چاغ ساۋاقداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— قىزلار، مەن يەنە بىرمۇنچە نەرسە ئالىمەن. مەندە ھەممە نەرسە بار، غەم قىلماڭلار، «چۆمۈلۈش كىيىمى»نىمۇ ئالدىم. يولدا دەريامۇ، كۆلمۇ ئۇچراپ قالار، — دېدى جىلۋە بىلەن تەمەنناخان ئىسمىلىك كېلىشكەن چىرايلىق قىز، — سىلەرمۇ ئېلىشنى ئۇنتۇماڭلار. كىتاب - پىتابىڭنى قويساڭچۇ، قۇمرى! ئىمتىھانلار تۈگىدى، بولدى ئەمدى!

قۇمرى كۈلۈمسىرەپ كىتابىنى سومكىسىغا سالدى. ئاندىن باشقىلاردەك تەمەننانىڭ ئاغزىغا قارىدى، ئەمما خىيالىغا پېشقەدەم پروفېسسورنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىدا ئېيتقان سۆزلىرى كەلدى: «توغرا، بىز باھا قويىمىز، لېكىن ھەقىقىي باھانى تۇرمۇش قويىدۇ...» بۇ سۆزدىن ئۇ «بىز راست ۋېراچمۇ ياكى يالغان ۋېراچمۇ، بۇنى تۇرمۇش ئايرىيدۇ» دېگەن پىكىرنى بايقىغانىدى.

تەمەننا ئالدىراپ بىلىكىدىكى ئالتۇن سائىتىگە قارىدى.

— دوستلار، يىغىن باشلىنىدىغان ۋاقىتتىن ئۈچ مىنۇت ئۆتتى. مېڭىڭلار چاپسان.

تەمەننا ئالدىدا، بىر توپ ساۋاقداشلىرى كەينىدە، يۈگۈرگىنىچە ئاسفالت يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئىنستىتۇت بىناسىغا كىرىشتى. زال ياشلارغا لىق تولغانىدى. تەمەننا توپتوغرا بىرىنچى قاتارغا بېرىپ، پروفېسسورنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي يىغىن باشلىنىپ، ئۈچىنچى بولۇپ تەمەنناغا سۆز بېرىلدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ، زالغا كۆز تاشلىدى.

— قەدىرلىك يولداشلار! مەن ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ، يىراق رايونغا خىزمەتكە

كېتىۋاتىمەن، ۋەتەن بىز ياشلاردىن يىراق جايلارغا بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن ۋەتەننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىمەن. بىز ياشلار ئەڭ قىيىن جايلاردا ئىشلىشىمىز كېرەك!

زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. تەمەننا مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كافېدرا مۇدىرى خۇشال هالدا «بەللى!» دېگەندەك شەپە بەردى. يىغىندىن كېيىن تەمەننانىڭ ئەتراپىنى دوستلىرى ئورىۋالدى. كىمدۇر بىرى ئۇنى رەسىمگە تارتىۋالدى. كاپكاز بۇرۇتلۇق بىر يىگىت تەمەننادىن سوئال سوراپ، يان دەپتىرىگە نېمىلەرنىدۇر يېزىۋالدى. قارىغاندا ئۇ كومسومول گېزىتىدىن كەلگەن مۇخبىر بولسا كېرەك...

تەمەننا سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ قۇمرىغا ئۇچرىشىپ قالدى.

— سۆزلىمىدىڭغۇ، بېرىش نىيىتىڭ يوقمۇ نېمە؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— ھەممىمىزگە ۋەكالىتەن سەن سۆزلىدىڭ، بولدىغۇ...

— جېنىم، بەرىبىر ئىككىمىز بىللە كېتىمىز، مەن بىلەن كېتىسەن... باشقا ھەر قانداق خىياللارنى تاشلىۋەت، بېرىش كېرەك.

— توغرا، بېرىش كېرەك، لېكىن يالغۇز ئانام بار، ئۇ قالىدۇ، ئاتام ئۇرۇشتا قۇربان بولغان...

— بۇنداق باھانىلەرنى يىغىشتۇرۇپ قوي!

— مەن باھانە كۆرسىتىۋاتقىنىم يوق، راست گەپنى قىلىۋاتىمەن، — دېدى قۇمرى.

— ياشلىقتا ھۇلنى پۇختا قويۇش كېرەك، شۇ چاغدا ئىمارەت ئۇزۇن يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ، ھۇلنى قىڭغىر قويساڭ، ئىمارەت يىقىلىدۇ... پروفېسسورىمىزنىڭ بۇ سۆزى ئېسىڭدىمۇ؟ بىزنى يېزىلار كۈتۈۋاتىدۇ، يېزىلار، — دېدى تەمەننا ھاياجانلىنىپ.

تەمەننا ئەتىسى ماگىزىندىن شىم، ئاپتاپتىن ھىمايە قىلىدىغان ئاق قالپاق، تېرمۇس قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. فوتو ئاپپاراتىنى تەييارلاپ قويدى. يېڭى كاستيۇم، كۆڭلەكلىرىنى چامادىنىغا سالدى. كونۋېرت، ئاتكىرىتكا، ئىزناك ئېلىۋالدى. يېتىش ئالدىدا تونۇش قىزلاردىن بەش-ئالتىسىگە تېلېفون بېرىپ، خوشلاشتى.

ۋەدىلەشكىنى بويىچە قۇمرى ئەتىگەندىلا چوڭ بىر چامادانىنى كۆتۈرۈپ، تەمەننالارنىڭكىگە كەلدى. بۇ يەردىن ماشىنا بىلەن تۈپتوغرا ۋوگزالغا بېرىش كېرەك ئىدى. كۆركەم ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان سۇپىدا تەمەننانىڭ ئانىسى بەدەشقان قۇرۇپ، ياغلىقتىكى مەرۋايىت دانىلىرىنى يىپقا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، ئۇ ئولتۇرغان پېتىلا قۇمرىغا قول ئۇزاتتى.

— كېلىڭ، ياخشىمۇسىز؟ بۇ تەمەننانىڭ مارجانلىرى، ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى، تىزىپ بەر دەپ قىستاۋاتىدۇ شۇ تاپتا، — ئۇنىڭ بارماقلىرىدىكى يوغان ئۈزۈكلەرنىڭ ياقۇت كۆزلىرى، بۇخارى ھالقىلارنىڭ جۇلالىرى ئاپتاپتا پارقىرايتتى. ئۇ يىپ ئۇچىنى چىشلەپ تۇرۇپ، بارماقلىرى بىلەن ھىمىرىدۇۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قۇمرىخان، بىرەر ئامالىنى قىلالامسىلەرمۇ، دۇنيادا توغرىلىغىلى بولمايدىغان ئىش يوققۇ؟

قۇمرى ئاۋۋال يەرگە قاراپ ئاڭلاپ تۇردى، كېيىن بىر نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى لازىم بولغىنى ئۈچۈن، بېرىشىمىز كېرەك، دەپلا قويدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆز ئانىسى كۆرۈنۈپ كەتتى. ئانىسى شۇ تاپتا قاتار-قاتار توقۇش ستانوكلىرى ئارىسىدا چاققانلىق بىلەن كۆز يۈگۈرتىپ يۈرەتتى.

ئاشۇ تەرەپتە قارا كۆل كۆپ، دېيىشىدۇ، ياخشىلىرىدىن خالتا قىلىپ ئەۋەتىڭلار، — دېدى. تەمەننانىڭ ئانىسى مەرۋايىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ...

— هە، بىز دەل قارا كۆلنىڭ كانىغا كېتىۋاتىمىز، — دېدى تەمەننا سۆزگە ئارىلىشىپ.

بۇ ئانا - بالىنىڭ سۆزىگە قۇمرى دەسلەپ ھەيران بولدى. كېيىن ئاچچىقى كەلدى...

بىرى - ئېگىز بويلۇق، كۆركەم، يەنە بىرى - قارا قۇمىچاق، بۇ ئىككى دوست شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىدىن قۇتۇلۇپ، پويىز بىلەن جىمجىت كەڭ دالىدا كېتىپ باراتتى. پويىز گويا يوغان تىمساق ئىدى. پۇشۇلداپ ئىتتىزلارنى چورت كېسىپ يۈگۈرەيتى...

بىرەر سائەتتىن كېيىن تەمەننا سومكىسىدىن هورداپ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشىنى ئالدى. كۇنۇپكىنى بېسىپ، كۇتكۇچىنىڭ چاي ئېلىپ كېلىشىنى ئېيتماقچى بولدى. قۇمرى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، ئۆزى ئېلىپ كەلدى. شۇ ئارىدا قېرىراق بىر ئايال كۇتكۇچىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تەمەننا ئۇنىڭغا «ئۇستاكاننى ياخشىراق يۇيۇپ بېرىڭ، بېلىق ھىدى كېلىۋاتىدۇ» دەپ ۋارقىرىدى. ئايال ئۇستاكاننى دەرھال يۇيۇپ ئېلىپ كەلدى ۋە «قىزىم، شۇپۇكلەرنى يەرگە تاشلىماڭلار» دېگەندى، تەمەننا:

— ئاچا، ماڭاش ئالغاندىن كېيىن تازىلايسىز - دە، — دەپ خاپا بولدى.

قۇمرى تەمەننانىڭ پۇتىنى دەسسەپ قويدى، كۇتكۇچى ھاڭ-ۋېقىپ تۇرۇپ قېلىپ، ۋاگوندىن چىقىپ كەتتى.

بىر سوتكىدىن كېيىن ئىككى قىز بەلگىلەنگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتى. پويىزدىن چۈشكەندىن كېيىن، تەمەننا تەشكەنتتە ئويلىغاندەك ئالدىغانداق كۇتىۋېلىشلار: ئوركېستىر، چوڭ يىغىن ۋە نۇتۇقلار بولمىدى. ئۇلار بۇ كىچىك ئىستانسىدا نەگە بېرىشنى بىلەلمەي بىر دەم تۇرۇشتى. تەمەننانىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ، سولتايدى. ھېلىمۇ ياخشى يېنىدا قۇمرى بار ئىدى، بولمىسا ھازىرلا كەينىگە يېنىشقا تەييار ئىدى. «شۇ يەردە ئىشلەيمىزمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ قارىدى تەمەننا قۇمرىغا.

— ياق، بۇ يەردە ئەمەس، يەنە قىرىق بەش كىلومېتىر ئالغا مېڭىشىمىز كېرەك، — دېدى قۇمرى، — بىرەر ماشىنىغا چۈشىۋالساق ياخشى بولاتتى.

ماشىنا ئۇچرىمىغاچقا، ئۇلار يولغا چىقىشتى، بىر دەمدىن كېيىن قۇمرى چەكسىز دەشتنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلدى:

— ئەنە قىرغاق... ئەنە پىلاش... چۆمۈلۈش كىيىمىڭ ئېسىڭدىن چىققىنى يوقتۇ؟

ئۇلار بىردەك قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتى. قۇمرى بىر قولىدا ئۆزىنىڭ، يەنە بىر قولىدا تەمەننانىڭ چامادانىنى كۆتۈرۈپ، ئىستانسىغا يېقىن بىر جايدا تۇرغان يۈك ماشىنىسىغا چىقىۋېلىپ يېزىغا ماڭدى. قاش قارايغان چاغدا ماشىنا يېزىغا يېتىپ كېلىپ، بىر قەۋەتلىك ئۇزۇن ئاق بىنا يېنىدا توختىدى.

— مانا دوختۇرخانىڭلار، يېتىپ كەلدىڭلار، — دېدى شوپۇر.

... بۇ يىراق يېزىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئېگىز - پەس ئۆيلەر، سوقما تاملار، ئەتراپى دەشت - دالا. كەچ بولغىنىغا قارىماي ھاۋا ئىسسىق ئىدى.

قۇمرى بىلەن تەمەننا ئىلگىرى - كېيىن دوختۇرخانىغا كىرىشتى. ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋالغان ئاق خالاتلىق بىر ئايال ئۇلارنى دوختۇرخانا يېنىدىكى باش ۋىراچنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. يېشى توختىغان، خۇش پېئىل ئايال ئىككى قىزنى ئىللىق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى. دەرھال داستىخان سېلىپ، تاماققا تەكلىپ قىلدى.

شۇ كۈنى ئىككى قىز ۋىراچنىڭ ئۆيىدە قونىدى، ئەتىسى ئۇلارغا ئايرىم ياتاق بېرىلدى. تەمەننا قوشنا يېزىدىكى دوختۇرخانىدا ئىشلىشى كېرەك، باش ۋىراچنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يېزىدىكى دوختۇرخانىمۇ بۇ دوختۇرخانىغا ئوخشايدىكەن. ئۇ، دوختۇرخانىنىڭ باش ۋىراچىنى ماختاپ، تەرىپلەپ بەردى. تەمەننانىڭ زادى بارغۇسى كەلمىدى. ئىككى قىز دوختۇرخانىدىن يىراق بولمىغان، ئاقلانغان ئاددىيغىنا بىر ياتاققا كىرىپ كېلىشتى. تەمەننا چامدانىنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئۈستىگە ئولتۇردى ـ دە، سولىشىپ ئەتراپقا قارىدى. ئازراق ئىس باسقان دېرىزىدىن ھويلىغا قارىدى: ھويلا ئوتتۇرىسىداقۇدۇق، نېرىراقتا بىر چىپار توخۇ ئون ـ ئون بەشتەك چۈجىنى باشلاپ يۈرەتتى. تام سايىسىدە بىر سېرىق كۆشەپ ياتاتتى...

قۇمرى قاراپ تۇرماي، چامادانىنى ئېچىپ، بىر قۇچاقتىن كۆپرەك كىتابلىرىنى، سوپۇن، چىش چوتكا، پاراشوكلىرىنى ئالدى. بۇلۇڭدىكى كونا كارىۋاتقا كۆرپىسىنى سېلىپ، ئىشتىياق بىلەن چاي راسلىدى.

— يۈرۈكۈم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ يەردە قانداق تۇرىسەن؟ — دېدى تېشىلگەن شاردەك بوشاپ قالغان تەمەننا، — مەن بارىدىغان يەرمۇ مۇشۇنىداق بولسا ئۆلۈپ قالىمەنغۇ!

— نېمىشقا؟ ئۆزىمىز تۈزەشتۈرۈپ ئالىمىز.

— ياق، بۇ ئۇنداي ئەمەس!

قۇمرى كارىۋىتىنى تۈزەپ بولۇپ، تەمەننانىغا قارىدى:

— ئەمدى دوختۇرخانىغا چىقىپ باش ۋىراچ بىلەن ئۇچرىشايلى، سەنمۇ ئۆز يېزاڭغا بېرىشىڭ كېرەك، دوستۇم.

تەمەنناگەپ ـ سۆز قىلماي ئۆيدىن چىقىپ، قوشنا يېزىغا ماڭدى. ئۇ چامادانىنىمۇ ئالمىدى. قۇمرى باش ۋىراچ ئىشخانىسىدا رەسمىيەت ئۆتەپ، ئەتىسى ئاق خالات كىيىدى، ئەمدى ئۇ ۋىراچ.

لېكىن تەمەننا ئەتىسىلا يېنىپ كېلىپ، پۈتۈن كۈن قۇمرىدىن ئايرىلمىدى، ئۇ نەگە كىرسە، شۇ يەرگە كىرىپ، «ئۇھ ـ ئۇھ» لاپ يۈردى. قۇدۇق سۈيىنى ئىچكۈسى كەلمەي، ياندۇرۇپ تاشلىدى.

كارىۋاتتا يېتىپ يىغلىدى، — ئانىسىنى سېغىنغانمىش. بىر ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، ئاغرىپ قالدىم دەپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ تەشكەنتكە — ئانىسىغا يازغان خېتىگە كۆزى چۈشكەن قۇمرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. «ئانچىلىك ئەمەسقۇ، يېنىكلىكنىڭ نېمە كېرىكى؟» — دېدى قۇمرى. ئىككىنچى ھەپتىسى، تەمەننا «كېتىمەن» گە چۈشتى. قۇمرىنىڭ شۇنچە كۆيۈنۈپ سۆزلەشلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى.

— قايسى يۈزۈڭ بىلەن بارىسەن؟

— بۇ يەردە ئىشلىمەيمەن، ئاغرىپ قالدىم.

— ئىنىستىتۇتتىكى سۆزلەر، ۋەدىلەر قېنى؟

— ئاغرىقمەن، دېمىقتا بولۇپ كېتىۋاتىمەن... نېمە، مېنى ئۆلسۇن دەمسەن؟

بىر ئېغىز گەپ قىلماي تەمەنناغا قاراپ تۇرغان قۇمرى «ئادەممۇ شۇنداق بولامدۇ،

بۇ خېنىم تازا يەڭگىلىتەك ئىكەنغۇ؟» — دەپ ئويلىدى.

تەمەننانىڭ «كېتىمەن» گە چۈشكىنىنى بايقاپ يۈرگەن باش ۋىراچ «زارىمىز بار، زورىمىز يوق، كېتىشىڭىز مۇمكىن» دېدى.

— بەك سەت ئىش قىلىۋاتىسەن ـ دە، يولداش، — دېدى قۇمرى تەمەننا بىلەن دوختۇرخانا يېنىدا سوغۇققىنا خوشلىشىپ تۇرۇپ. قۇمرىنىڭ كەيپى بىر قىسما ئىدى. «ئۇنىڭ چوڭ يىغىندا، مۇنبەردە ئېيتقان سۆزلىرى مۇنداقلا ئالدامچىلىق ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى ئۇ، — چاچلىرى ئاپئاق پروفېسسور، ئوقۇتقۇچىلار ئالدىدا تۇرۇپ، قانداقمۇ يالغان سۆزلەيدىكىن؟».

ئۇ يېنىپ دوختۇرخانىغا كىردى، ئادەمنىڭ زوقى كېلىدىغان يېڭى هايات قۇچىقىغا شۇڭغۇپ كەتتى... بىر كۈنى ھەمشىرىلەردىن بىرى تەمەننانىڭ چىرايلىق قىز ئىكەنلىكىنى ئەسلىگەندى. باش ۋىراچ «چىرايىنىڭ ئۆمرى قىسقا، ئادىمىلىكنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن» دېدى.

ئارىدىن ئايلار ئۆتتى، كۆزگە يېقىن قۇمرى بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سوراپ ئانىسىنى كۆرگىلى تەشكەنتكە كەلدى. ئۇ تەمەننانىڭ بىرەر يەردە ئىشلىمەي ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىنى ئاڭلىدى. تەمەننا قۇمرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆرۈشكىلى كەلمىدى. بەش ـ ئالتە كۈندىن كېيىن نېمىشقىدۇر قۇمرىنىڭ يېزىغا كەتكۈسى كەلدى. پالاتاسىدىكى ئاغرىقلار ئۇنىڭ چاپسانراق قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىشقانىدى. ئۇ، كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆزىنى ھەر كۈنى، ھەر سائەت كۈتۈۋاتقىنىنىمۇ بىلەتتى. دېمەك، ئۇ، ئەمدى يېزىغا ئۆگىنىپ قاپتۇ. ئۇ تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىنى سىناپ باقماقچى بولغانىدى، يېزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس بىر كۈچ بىلەن قەلبىنى ماگنىتتەك تارتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، خۇشال بولدى. «نەدە بولساڭ ئامان بول» دەپ باغرىغا باسقان ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، يەنە يېزىغا ماڭدى.

ياندۇرقى يىلى باھاردا قۇمرىنىڭ ئانىسى دەم ئېلىشنى يېزىدا قىزىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدى. قۇمرى ئانىسىدىن تەمەننانىڭ بىرلەشمە كارخانىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەيران قېلىپ لېۋىنى چىشلىدى.

— دوستۇڭ پۇلنىڭ كەينىگە چۈشكەن، مەن بۇنى بىللە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىڭلاردىلا سەزگەنمەن، خىيالى پۇلدا ئىدى، — دېدى ئانىسى ياستۇققا يۆلىنىپ.

— شۇنداق ئىكەن، ئوقۇپ نېمىمۇ قىلاتتى؟ — دېدى قۇمرى ئانىسىغا چاي سۇنۇۋېتىپ.

ئارىدىن يىللار ئۆتتى، قۇمرى شۇ يەرلىك بولۇپ قالدى. يېزىدىكىلەرنىڭ بىرى ئاكا، بىرى ئۇكا بولۇپ ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلدى. شىپا تېپىپ، تۇزۇلۇپ قالغان ئادەملەر ئۆزلىرىنى داۋالىغان ۋىراچلارنى ئۇنتۇپ قېلىشلىرى مۇمكىنمۇ؟ بۇرۇنقى قۇمرى ھازىر باش ۋىراچ قۇمرى ئەھمىدوۋا. بىلىنمەيلا ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ يىللار ئىچىدە ئۇ يېڭى روزىغار قۇردى. ئىككى پەرزەنت كۆردى. لېكىن ئۇ ياش ۋاقتىدىكى دوستى تەمەننانى ئۇنتالمىدى. ئۇ يېزىدىن يۈز ئۆرۈپ كەتكەن تەمەننانى ئەمەس، ساۋاقدىشى تەمەننانى ئەسلەيتتى. يېقىندا قۇمرى خىزمەت بىلەن يەنە تەشكەنتكە

كەلدى. ئۇ ئاۋۋالقىدەك ئىنستىتۇتقا بېرىپ، ياشىنىپ قالغان پروفېسسورنى يوقلىدى. ئىنستىتۇت بېغىدىكى مىس ھەيكەل ئاستىدىكى ئورۇندۇق يېنىغا كەلدى. قۇمرى ئوقۇغۇچى چاغلىرىدا بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئورۇندۇقتا لىققىدە قىز - يىگىتلەر ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئۆرە تۇرغانلار بىلەن نېمە توغرۇلۇقتۇر مۇنازىرە قىلىشاتتى. قۇمرى قىزلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قارا قۇمچاق بىر قىزنىمۇ كۆرگەندەك بولدى. كىمدۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇمرىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ھەممە ئۇنىڭ ئۆزىمىزنىڭ قارىماي ئولتارغۇزۇشتى. قۇمرى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاناتومىيەدىن قىلىشقان مۇنازىرىسىنى ھەۋەس بىلەن ئاڭلىدى.

يېزىغا قايتىپ كېتىدىغان كۈنى قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەي، تەمەننانى بىر كۆرۈشكە ئۈندىدى. ئۇ تراملۋايغا چۈشۈپ، بىرلەشمە كارخانا بىناسىغا باردى. خېلى ئۆزگىرىپ ئورۇقلاپ قالغان تەمەننا يېرىم قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىدىن چىقىپ، قۇمرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىدىن زەي ھىدى كېلەتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر بىسەرەمجان ئىدى، كۆزلىرى ئالاق - جالاق قىلاتتى. بىردەملىك ھال - ئەھۋال سوراشتىن كېيىن، ئۇ تۆۋەندە تەكشۈرۈش بېردۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ قۇمرىنىڭ كۆزىگە قارىيالماي، يەرگە قارىدى. قۇمرىنىڭ كۆزىگە ئالتە يىللىق ئوقۇش — بىلىم، تەجرىبە ۋە لېكسىيەلەر زەيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى...

ئۇلار خوشلاشتى. تەمەننا گەزلىمىلەر بېسىپ قويۇلغان يېرىم قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈپ كەتتى.

قۇمرى بولسا، ئۆزىنىڭ پارلاق يولىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۆزبېكچىدىن ئابدۇۋاي خەلپەت تەرجىمىسى

---

(بېشى 34 - بەتتە)

نىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ۋە سالام - سائادەت قائىدىسىگە دىققەت قىلىڭ. ئوقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەرگىز ئۆز مەيلىڭىزچە ئىش قىلماڭ.

8. ئۇستىبېشىڭىزنىڭ رەتلىك - پاكىز بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىڭ.

ئىجتىمائىي ئالاقىدا رەتلىك، پاكىز كىيىنىپ يۈرۈڭ. ئەگەر رەتلىك، پاكىز كىيىنمىسىڭىز، تۈگمىلىرىڭىزنى ئەتمەي، شەپكىڭىزنى قىڭغىر - قىيسىق كىيىپ يۈرسىڭىز باشقىلارغا ياخشى تەسىر بەرمەيسىز.

9. ھېسسىيات جەھەتتە يەڭگىللىك قىلماڭ.

باشقا جىنستىكىلەر بىلەن دوستلاشقاندا سۆز - ھەرىكەتتە تەمكىن بولۇڭ. ساختىپەزلىك قىلىپ، ياخشى كۆرگەن بولۇپ، قارشى تەرەپنى ئەخمەق قىلسىڭىز بۇ سىزگە ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

10. ئەدەبلىك بولۇڭ.

سۆز - ھەرىكەتتە چاكىنىلىق قىلسىڭىز، يات جىنستىكىلەرنىڭ كۆزىگە تىسكىلىۋالسىڭىز ياكى قارشى تەرەپنى كەمسىتكەندەك ھۆرمەتسىزلىك قىلسىڭىز باشقىلارنى نەپرەتلەندۈرۈپ قويىسىز.

ئەيساجان مەھەممەت تەرجىمىسى

# ئىجتىمائىي ئالاقىدا ئون ئىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ

1. باشقىلارنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشتىن، باشقىلار ھەققىدە گەپ تارقىتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، گەپ-سۆزلىرىڭىز جايىدا بولسۇن، سورۇنغا قاراپ سۆزلەڭ. باشقىلارنى بىزار قىلىماسلىق ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، يەنى ئائىلە ئەھۋالى، نىكاھ ئەھۋالى، ئامانەت قويغان پۇلى، ئىچكى ئىشلىرى قاتارلىقلارنى سۈرۈشتۈرمەڭ. ھەممە ئادەمنىڭ باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرى بولىدۇ، ئۇنى بىلىپ قالسىڭىز باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرمەڭ.

2. باشقىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

ئەگەر سىز بىرسىگە باشقا بىرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسىڭىز، قارشى تەرەپ بۇ مېنىڭمۇ غەيۋىتىمنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ، سىزدىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولىدۇ ياكى سىزنى غەيۋەتخور دەپ قارايدۇ.

3. لەۋزىڭىزدە تۇرماسلىقتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

كىشىلەر ئارا بولغان مۇناسىۋەتتە لەۋزىڭىزدە تۇرمىسىڭىز ياكى باشقىلارغا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ ۋەدىڭىزدە تۇرالمىسىڭىز، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىسىز، بۇ دوستلۇقىڭلارغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

4. جاھىللىق قىلىپ ئۆز پىكرىڭىزدە چىڭ تۇرۇۋالماڭ.

كىشىلەرنىڭ قىزىقىدىغىنى، تەربىيىلىنىشى، مىجەز-خۇلقى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، تۇرمۇشتىكى ئىشلار توغرىسىدا پىكىرنىڭ بىر يەردىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزىدە سىزنىڭ پىكرىڭىزمۇ خاتا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، باشقىلارنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاڭ.

5. كىشىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلماڭ.

كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىدە ئىللىق، قىزغىن، سەمىمىي بولۇڭ. باشقىلارنى ئۆزىڭىز بىلەن تەڭ كۆرۈڭ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى چوڭ تۇتۇپ، باشقىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلسىڭىز، باشقىلارغا سەت كۆرۈنىسىز، ئۇلار ئۆزىنى سىزدىن چەتكە ئالىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

6. خۇشامەتچىلىك، ياسالمىلىق قىلماڭ.

ھىيلىگەرلىكنى ئىشقا سالىدىغان كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلار باشقىلارغا ھاجىتى چۈشكەندە، ياكى قارشى تەرەپنى ھوقۇقلۇق، ئىناۋەتلىك دەپ ھېس قىلغاندا، ياسالمىلىق بىلەن خۇشامەتچىلىك قىلىدۇ. بۇنداق مۇئامىلە كىشىلەرگە پۈتۈنلەي يامان تەسىر بېرىدۇ.

7. ساھىبخانىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە بويسۇنۇڭ، ھەرگىز ئۆز مەيلىڭىزچە ئىش قىلماڭ.

مېھماندارچىلىققا بارغاندا، شۇ جاي-

(ئاخىرى 33-بەتتە)

# خوتۇن-قىزلار زوراۋانلار ئالدىدا ئۆزىنى قانداق قوغدىشى كېرەك

يېقىندا خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قولغا ئالغان باسقۇنچى قاتىل جىنايەتچى لى لياڭ 2 يىل 8 ئاي ئىچىدە 20 قېتىمدىن ئارتۇق باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ئەنزىسى سادىر قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە باسقۇنچىلىق قىلىپ قاتىللىق قىلغىنى ئۈچ قېتىم. كىشىنى چۆچۈتىدىغىنى شۇكى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىزلار بولۇپ، بىرەرسىمۇ دېلو مەلۇم قىلمىغان. ئۇنداق بولسا، زوراۋانلار، باستۇنچىلار، جىنايەتچىلەر ئالدىدا خوتۇن-قىزلار ئۆزىنى قانداق قوغدىشى كېرەك؟

بىرىنچى، جان تىكىپ ئېلىشىش. بۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، جىنايەتچىلەردە ئاياللارنى بوزەك قىلىش ئاسان ئەمەسكەن دېگەن ھېسسىيات تۇغۇلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئېلىشىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر سىز جىنايەتچى ئۇنسۇرلار ئالدىدا ئالاقزادە بولۇپ، يىغلاپ يالۋۇرۇپ، ھەتتا ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمى، ئادرېسىڭىزنى قالدۇرۇپ كەتسىڭىز، جىنايەتچىلەرنىڭ نوخۇلىسى تېخىمۇ ئۆسىدۇ. شۇڭا، خوتۇن-قىزلار يوللاردا زوراۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالغاندا جان تىكىپ ئېلىشىش — بىردىنبىر ئاللىۋالىدىغان يول. بۇزۇقلارنىڭ يامان غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قەتئىي يول قويۇلماسلىق كېرەك.

ئىككىنچى، ئۆرپ-ئادەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش كېرەك. خوتۇن-قىزلارنىڭ جىنايەتچى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق بۇلاش، خورلاش، نومۇسىغا تېگىشكە ئۇچرىشى ئىنتايىن بەختسىز ئىش. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە بىز جەمئىيەت ۋە ئائىلە قاتارلىقلارنىڭ بېسىمىنى ئويلاپ نومۇس قىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىق توغرىسىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ قويساق، ئۆزىمىزنىڭ نامىنى قوغداپ قالالمىغىنىمىزنىڭ ئۈستىگە جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا پايدىلىنىدىغان پۇرسەت تېپىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن بولىمىز.

ئۈچىنچى، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەك. ئاساسىي قانۇندا ئاياللار-بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدا مەخسۇس ماددىلار بار. قانۇننىڭ بىگۇناھ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى قەتئىي قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. يۈزى تۆكۈلۈشتىن قورقۇش، ئەنسىرەش قىلىش ھاجەتسىز. ئۆزلۈكىمىزدىن قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ جىنايى ئۇنسۇرلارنى تۇتۇپ دېلوغا تۇرغۇزۇشىغا زىچ ماسلىشىپ، كېيىنكى يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. جىنايەتچى لى بىرىنچى قېتىم دېلو تۇرغۇزۇلغاندا، قانۇن تەرىپىدىن جازالانغان بولسا، كېيىنكى 19 قېتىملىق قاتىللىق ئەنزىسىنى سادىر قىلالمايتتى-ئەمەسمۇ؟

جىنايى ئۇنسۇرلارغا قىلچىمۇ تەلەي سىناش خام خىيالىدا بولماسلىق كېرەك. پەقەت رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن قانۇننىڭ قۇدرىتىنى ساقلاپ، ئۆزىمىزنى قوغدىيالايمىز.

مەمەتنىياز يۇنۇس تەرجىمىسى

## باغۋىنىم

شەمشىنۇر مەھەممەت

كۆزلىرىڭدە ئىقبال نۇرى چاقنىغان،
قەلبىڭ گويا پۈتمەس بۇلاق باغۋىنىم.
نادانلىقنى يۇيار تۆككەن تەرلىرىڭ،
ھاياتلىققا نۇرلۇق چىراغ باغۋىنىم.

كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىپ ھارمايسەن،
پەن ئىشقىدا دىلىڭ ئويغاق باغۋىنىم.
يۈرىكىڭنى مەشئەل قىلىپ يانسەن،
قوغلاشمايسەن نامۇ-ئاتاق باغۋىنىم.

ۋۇجۇدۇڭغا يەتكەن چەكسىز ھارغىنلىق،
چاچلىرىڭدا ۋاقىتسىز ئاق باغۋىنىم.
ئۇنۇتقان سەن بارلىقىڭنى پۈتۈنلەي،
يەنە شۇنچە جۇشقۇن-قايناق باغۋىنىم.

ئەجرىڭ بىلەن يېتىلدۈرمەن ئىز بېسىپ،
ئوبرازىڭدۇر ئۈلگە-بايراق باغۋىنىم.
مېۋە بەرسە كۆچەتلىرىڭ، پەخرىڭ شۇ،
ئەۋلادلارغا ئاچقىن قۇچاق باغۋىنىم.

## سەممىي دىل خىتابىغا سال قۇلاق

مۇساجان يۇنۇس

جېنىم سىڭلىم ئىنتىلمىگىن سەراپقا،
كۆتۈپ تۇرسا سېنى قۇياش يالقۇنى.
ئوخشاپ قالما قۇملۇقتىكى مىراپقا،
تاشلانماقتا ساڭا دىلىنىڭ ئالۋۇنى.

سۆيگۈ تېشى يېنىك ئەمەس پاختىدەك،
تارازىغا سېلىپ كۆرگىن يۈرەكنى.
نېمە بولدى شۇنداق ئىشقىڭ تاشقىدەك،
چىشلەپ سالما گۆشسىز پاخون-سۆڭەكنى.

شەيدالىرىڭ كۆپ بولسىمۇ قۇم كەبى،
يوقاتمىغىن ئەقلىڭنى، ئەس-ھوشۇڭنى.
مۇھەببەتنى چۈشەنمەيسەن سەن تېخى،
ياق، سالمىغىن تولۇق قاغىغا قوشۇڭنى.

كۆرۈنسىمۇ ئىشقى دەردى ئېغىردەك،
ئاشىق ئەمەس كۆيگەنلەرنىڭ ھەممىسى.
ئوت ئىلكىدە ئېرىپ كەتمە بېغىردەك،
بار ئادەمنىڭ ياخشىسى ھەم تەلۋىسى.

ئادەم دېگەن يۇمشاق نەرسە، سۇ نەرسە،
يالغان-قۇرۇق بەزىلەرنىڭ ۋەدىسى.
شەيئىلەرنى ئۆزۈمدەكلا ساپ دېمە،
ئۆزگىرىشچان بىر كىملەرنىڭ پەدىسى.

مېغىزىڭنى چايناپ بولۇپ رەزگىلەر،
تاشلار سېنى بىر ئەتىۋا شۆپۈكتەك.
يەكسان بولۇپ تەنتەك ھېسلار، سەزگۈلەر،
ھەۋەسلىرىڭ توزار شۇئان كۆپۈكتەك.

ئوبدان سىڭلىم چاقچاق قىلما سۆيگۈگە،
تەمكىنلىكنى يوقاتمىغىن (ئېغىر بول).
پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ مەڭگۈگە،
ئەقىل-ئىدراك، پەزىلەتكە تەڭلە قول.

تەگسە ساڭا مۇھەببەتنىڭ سەلكىنى،
سەممىي دىل خىتابىغا سال قۇلاق.
بۇ پېقىرنىڭ ساڭا قىلغان تەلقىنى،
بولسۇن قەلبىڭ مۇھەببەتكە پاك بۇلاق.

## ئۇ چاغدا

ئابدۇللا غوجىئەخمەت

ئۇچرىشىپ قالساق تالاي يىل ئۆتۈپ،
قىلارسەن سوۋغات بىر ئاچچىق قاراش.
ئۆتۈپ كېتەرسەن ۋە ياكى مەغرۇر،
چاقناپ كۆزۈڭدىن سىرلىق يالتىراش.

ئۇ چاغ سەن موماي، مەن بىر قېرى چال،
قالارمەن غەمكىن خىياللار سۈرۈپ.
خىرە كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ نەچچە رەت،
قارارمەن نەۋرەڭگە ئۇزاق تەمشۈرۈپ.

## قىرىق كۈنۈك

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

مۇبارەك ئوماق قىزىم قىرىق كۈنۈك،
يەشتىگسەن قىرىق كۈندە قىرىق چىكىش.
قىرىق خىل رەڭ تۈزىدى چىراي-ئۆڭۈك،
قاتۇرۇپ قارىچۇقۇمغا قىرىق نەقىش.

كۈن سېنى قىرىق قېتىم ئۆتتى سىلاپ،
(تاڭ سەھەر ئاڭا كاتتا تەختىراۋان.)
بويىنى تۈن كۆزۈڭگە ئالدى چىلاپ،
رەڭگىنى چاچلىرىڭنىڭ سوراپ ھەر ئان.

قوشتۇڭسەن ئۆيىمىزگە بىر يېڭىلىق،
كۆزۈڭدە چاراقلىدى يۇلتۇزىمىز.
لېۋىڭدىن تاشتى شادلىق ۋىلىق-ۋىلىق،
قەلبىڭدە ھايات ئىشقى تارتىپ يىلتىز.

سەن ئالەم ئىچرە قۇتلۇق ئابىدىمىز،
بەختىمىز، شادلىقىمىز ساڭا قوشماق.
سەن باركى، كۆمۈلمەيدۇ ئىزلىرىمىز،
يالقۇنجار ئۆچمەي، بىزدىن قالغان چىراغ.

مۇبارەك ئوماق قىزىم قىرىق كۈنۈك،
كۆرسەتتىڭ قىرىق كۈندە قىرىق جىلۋە.
غۇبارسىز كەلگۈسىڭنى سۆزلەر كۆزۈڭ،
قىلىقىڭ كۆيلىرىمگە تەنھا قىبلە.

## سەندەك گۈزەل يۇرتۇڭ سەھەرى

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

سەندەك گۈزەل يۇرتۇڭ سەھەرى،
ئاق تۇمانلار يۇرىدۇ ئەگىپ.
دەيمەن ئۇنى مۇھەببەت شەھەرى،
ئەسلىمەڭدىن قالىمەن سەگىپ.
چىم ساھىلغا سۇغا چىقساڭ جان،
ئۇچرىتامەن قىراۋ ۋە شەبنەم.

ۋە يوللاردا سارغايغان سامان،
داللاردا سولاشقان گۈل ھەم.
ئاشۇلارنى كۆرۈپ قالساڭ يار،
ئەھۋال سوراپ يازما مەكتۇپ بەس.
قىلسۇن شۇلار ھېكايە ئىزھار،
چۈنكى ئۇندا سىرلىرىم پەۋدىس.

## كىرپىكتىكى سۆيگۈ

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

بولغىنىدەك ھەر نەرسىنىڭ ئوڭ-تەتۈرى ئالەمدە،
ئۆسەر ئىكەن كىرپىكىمۇ ھەم ئوڭ-تەتۈر بوپ ئادەمدە.
تەتۈر كىرپىك ئوڭ كىرپىككە دەيمىش:« مېنى سۆي مەڭگۈ!»
ئوڭ كىرپىكمۇ دەيمىش: «سۆيۈپ گوللايسەن ھەر قەدەمدە!...»
قانمايدىكەن ئىككى كىرپىك جۈپلىشىپ چىڭ بىر كېچە،
ئەتىگىنى ئايرىلاركەن كۆزدىن رەنجىپ ئەلەمدە.
كۆزدەيدىكەن: «قىسقا بولسۇن، ئاز-ئاز بولسۇن جۈپلىشىش،
شۇنداق بولسا مەنىمۇ لەززەت ھېس قىلارمەن شۇ دەمدە.
لېكىن مەڭگۈ جۈپلەشسەڭلار تۇگەشكىنىم شۇ مېنىڭ،
مېنى ھەمدە ئۆزۈڭلارنى كۆرۈڭسلەر ماتەمدە!...»

# جىنسىي كېسەللىكلەردىن پەخەس بولۇڭ



مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى جىنسىي كېسەللىكى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئارقا-ئارقىدىن كۆپىيىپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. 60 - يىللاردىن كېيىن «جىنسىي قالايمىقانچىلىق» بىر قاتار ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىرى — جىنسىي كېسەللىكنىڭ جىددىي ھالدا يامراپ كېتىشىدۇر. بۇ ئەھۋال ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدە ئېغىر بولدى. كونا جىنسىي كېسەللىكى سۆزنەك، سىفىلىس تېخى تىزگىنلەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەيدىز كېسىلى يېڭى جىنسىي كېسەللىك سۈپىتىدە تېزدىن تارقىلىشقا باشلىدى. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، ھازىر دۇنيادا تەخمىنەن ھەر سېكۇنتتا تۆت كىشى جىنسىي كېسەللىكنى يۇقتۇرۇۋالىدىكەن. ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار بولسا مىنۇتىغا بىردىن كۆپىيىۋېتىپتۇ.

ئېلىمىزدە، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىجتىمائىي تۈزۈم چىرىكلەشكەنلىكتىن، پاھىشە ئاياللار كەڭ تۈردە ئەۋج ئېلىپ، جەمئىيەتتە جىنسىي كېسەللىك خېلىلا ئومۇملىشىپ كەتكەنىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن، جىنسىي كېسەللىكنى يوقىتىش فېئوداللىزمنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىشنىڭ، ئاياللارنى ئازاد قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ تۇتۇلغانلىقى، تەدبىرلەرنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى سەۋەبىدىن، 1964 - يىلى جىنسىي كېسەللىكنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتقانلىقنى دۇنياغا جاكارلىغانىدى. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جىنسىي كېسەللىكى قايتىدىن باش كۆتۈردى. شۇنداقلا دېڭىز ياقىلىرىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە، شەھەردىن يېزا-كەنتلەرگە يامرىدى. سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى ھەققەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بەزى ئۆلكە، شەھەرلەردە 1982 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە جىنسىي كېسەللىكى تەخمىنەن يىلىغا 3.12 ھەسسە سۈرئەت بىلەن كۆپەيمەكتە.

جىنسىي كېسەللىكنىڭ يەنە بىر قېتىم كەڭ تۈردە تارقىلىشى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمىدى. مۇتەخەسسىسلەر تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، جىنسىي كېسەللىكنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئامىللار سەۋەبىدىن بولغان، دەپ قاراشتى. (1) بەزى دۆلەتلەردە پاھىشە ئاياللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى. (2) بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا تويدىن ئىلگىرىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئومۇملىشىپ قالغانلىقى. (3) بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا جىنسىي

مۇناسىۋەتتىكى قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرىنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولۇشى. (4) بەزى كىشىلەرنىڭ تۇغۇتتىن ساقلىنىش دورا ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى. (5) شەھۋانە مەدەنىيەتنىڭ ھۇجۇمى. (6) ئۇرۇشنىڭ جىنسىي كېسەللىكنىڭ تارقىلىشىنى تېزلىتكەنلىكى. (7) مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان رايونلاردا كۆپ خوتۇنلۇق، كۆپ ئەرلىك بولۇش تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى. (8) ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ھەرقايسى ئەللەر ئارا كىشىلەرنىڭ بېرىش-كېلىشىنىڭ قويۇقلاشقانلىقى. (9) شەھەرلەردە ئېقىپ يۈرگەن ئاھالىنىڭ كۆپەيگەنلىكى، باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەلسىزلىكى. (10) بەزى دۆلەتلەردە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشى مەۋجۇتلۇقى قاتارلىقلار.

جىنسىي كېسەللىكى دېگەن نېمە؟

جىنسىي كېسەللىك — تاناسىل ئەزا كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، جىنسىي مۇناسىۋەت ياكى شۇ خىلدىكى قىلمىشلار ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان يۇقۇملۇق خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، كېسەل پەيدا بولىدىغان جايلار — ئاساسەن نەسىللىنىش ئەزالىرى ياكى تاناسىل ئەزادۇر. بىراق بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرى ھەتتا پۈتۈن بەدەنگىمۇ يۇقۇۋېرىدۇ. تىپىك جىنسىي كېسەللىكلىرى — سۆزنەك، سىفىلىس، يۇمشاق شانكىر ۋە جىنسىي كېسىلى خاراكتېرلىك لىمفا بېخلىما گۆش ئىششىقىدىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. 1967-يىلى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى سۆزنەك خاراكتېرىنى ئالمىغان سۈيدۈك يولى ياللۇغى، نەسىللىنىش ئەزالىرى قاپارتقۇسى، ئۇچلۇق ھۆل سۆگەل، دۇۋسۇن پىتلاش كېسىلى، ئەيدىز كېسىلى قاتارلىق بىرقانچە تۈرنىمۇ جىنسىي كېسەللىك قاتارىغا قوشتى.

جىنسىي كېسەللىك تۆۋەندىكى ئۈچ خىل يول ئارقىلىق يۇقىدۇ. بىرىنچى، بىۋاستە يۇقۇش، يەنى ساغلام ئادەم جىنسىي كېسىلى بار ئادەم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا، تېرە، شىللىق پەردە يىرتىلىپ، كېسەل قوزغاتقۇچلارنىڭ يۇقۇملىنىشى ئارقىلىق يۇقىدۇ. بۇ جىنسىي كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق يۇقۇش شەكلىدۇر. ئىككىنچى، ۋاستىلىك يۇقۇش. يەنى ساغلام ئادەم جىنسىي كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ كىيىم-كېچىكى، لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلىتىش ياكى بولغانغان قاننى بەدەنگە ئوكۇل قىلىپ سېلىش، قاندىن ئىشلەنگەن دورا بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق يۇقىدۇ. ئۈچىنچى، بالا ھەمرىيى ياكى تۇغۇت يولى ئارقىلىق يۇقۇملىنىش يەنى تۆرەلمە، ياكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق، بالا ھەمرىيى ۋە تۇغۇت يولى ئارقىلىق جىنسىي كېسەللىكنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزدە جىنسىي كېسەللىكتىن سۆزنەك، سىفىلىس، ئۇچلۇق ھۆل سۆگەل كۆپرەك بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلاردۇر. لېكىن بالىلار سۆزنىكى، بالا ھەمرىيىدىن يۇققان سىفىلىس، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ سۆزنەك خاراكتېرلىك كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، بىر ئائىلىدىكى بىرقانچە ئەۋلادنىڭ بىرلا ۋاقىتتا سۆزنەك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىشى ۋە يەسلىدە سۆزنەك كېسەللىكى يۇقۇش ئەھۋاللىرى كۆپلەپ بايقالماقتا. مەلۇم جايدىكى بىرقانچە دوختۇرخانىنىڭ 1987 — 1988-يىللىق تولۇقسىز مەلۇماتىغا قارىغاندا 1.6 ياشتىن 9 ياشقىچە بولغان 21 نەپەر بالىنىڭ سۆزنەك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆتى ئوغۇل، 17 سى قىز ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. سۆزنەك بىلەن ئاغرىغاندا سۈيدۈك چىقىرىش ۋە نەسىللىنىش ئەزالىرى بۇزۇلۇشتىن سىرت، بەزىدە كۆزگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئەما بولۇپ قالىدۇ؛ ئىچكى پەردىگە تەسىر قىلسا ئۈگە ياللۇغى، يۈرەك ئىچكى پەردە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە

ياللۇغى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىدۇ. باشقا جىنسىي كېسەللىكلەرنىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

قانداق ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش كېرەك؟

جىنسىي كېسەللىكنى يوقىتىشتا، پۈتۈن جەمئىيەت ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئالدىنى ئېلىشتا ھەر كىم ئىشنى ئۆزىدىن باشلىشى لازىم. ھەممە ئادەم ئاگاھلىق ھالىدا ئىش تۇتسا، جىنسىي كېسەللىكنىڭ يۇقۇش يولىنى توسقىلى بولىدۇ.

جىنسىي كېسەللىك نورمال بولمىغان جىنسىي تۇرمۇش ئارقىلىق يۇقىدىغان بولغاچقا، ئالدىنى ئېلىشتا، ئاۋۋال ياخشى جىنسىيەت ئەخلاقىي قارىشىنى يېتىلدۈرۈش، ئەر-خوتۇنلار نىكاھلىق جۈپتى بىلەنلا جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش، تويدىن ئىلگىرىكى جىنسىي قىلمىشنى توسۇش، قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ۋە جىنسىي جىنايەتلەرگە قارشى تۇرۇش؛ تويدىن ئىلگىرى سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈپ، جىنسىي كېسەللىك بارلىقى بايقالسا، داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىن توي قىلىش كېرەك. جىنسىي كېسەللىكنى پەيدا قىلىدىغان كېسەل قوزغاتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇمران بولۇپ، نەملىكنى، ئىللىق مۇھىتنى ياقتۇرىدۇ. يىرىڭ ۋە ئاجراتمىلاردا ياشايدۇ. شۇڭا شەخسىي تازىلىققا دىققەت قىلىشقا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. داۋاملىق يۇيۇنۇش، كىيىمنى پات-پات يەڭگۈشلەپ تۇرۇش، يوتقان-كۆرپىنى ئاپتاپقا سېلىپ تۇرۇش، لۆڭگە، يۈز يۇيۇش دېسى قاتارلىق بۇيۇملارنى پاكىز تۇتۇش كېرەك. كىچىك بالىلارنىڭ لۆڭگە، داس قاتارلىق سايمانلىرىنى چوڭلارنىڭكىدىن ئايرىپ تۇتۇش كېرەك. ياز پەسلى دەل جىنسىي كېسەللىكنىڭ ئەدەيدىغان پەيتىدۇر. ئاممىۋى سورۇنلاردا يۇيۇنغاندا ياخشىسى دوشتا يۇيۇنۇش، سۇ ئۈزگەندە باشقىلارنىڭ چۆمۈلۈش كىيىمى ۋە ئىشتانلىرىنى ھەرگىز قالايمىقان كىيمەسلىك كېرەك. ئائىلىدە جىنسىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار بولسا، بالدۇرراق ئايرىپ داۋالاش كېرەك. كېسەل كىشى ئىشلەتكەن سايمانلارنى سوپۇن سۈيىدە يۇيۇش، قاينىتىش، ئاپتاپقا سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كېسەللىك مىكروبىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك. شارائىتى بارلار دېزىنفېكسىيە دورىسى چاچسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

جىنسىي كېسەللىكنى يۇقتۇرۇۋالغانلار ھەم جىددىي مۇئامىلە قىلسا، ھەم ئۈمىدسىزلەنمەي بالدۇر بايقاپ، بالدۇر داۋالانسا تامامەن ساقىيىپ كېتىدۇ. مەخسۇس دوختۇرخانا ياكى مەخسۇس بۆلۈمگە، مەسىلەن: جايلاردىكى تېرە جىنسىي كېسەللىك دوختۇرخانىسى ياكى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىنىڭ تېرە، سۈيدۈك چىقىرىش ئەزاسى بۆلۈمى، ئاياللار تۇغۇت، جىنسىي كېسەللىك بۆلۈملىرىگە كۆرۈنسە بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا داۋالاشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئىزا تارتماستىن، دوختۇرغا كېسەل تارىخى ۋە ئالامەتلىرىنى ئەينەن دەپ بېرىش لازىم. داۋالانغاندىن كېيىن بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە قايتا تەكشۈرتۈپ تۇرۇش كېرەك. كۆپلىگەن جىنسىي كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغانلار دوختۇرخانىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي، شەخسلەرگە كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىلمىي ئۇسۇل بولمىغاچقا، كېسەل ئەھۋالىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويۇپ، كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بىر نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن بەدەندە ئۆمۈرلۈك ئىممونىتېت پەيدا بولالمايدۇ، قايتا يۇقۇش ئېھتىمالى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، جىنسىي كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن، بىخۇدلۇق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئالدىنى ئېلىشقا ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**خەسەن ئىبراھىم تەرجىمىسى**

# دانىخورەكنى قانداق داۋالىغىلى بولىدۇ

يولداش تەھرىر:

ياشلىق باھارى مەزگىلىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يۈزۈمگە توختىماي چوڭ-كىچىك گادالار چىقىپ يۈزۈمنى بەكلا بۇزۇۋەتتى. بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن، دوستلىرىمدىن خىجىل بولسام، بىر تەرەپتىن، يۈزۈمنىڭ سەت بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن. سىزنىڭ دانىخورەكنىڭ نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قانداق داۋالاش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

قەشقەردىن: ماھىرە

يولداش ماھىرە:

خېتىڭىزدە يۈزىڭىزگە «گادالار» چىقىپ، يۈز تېرىڭىزنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى يېزىپسىز. ئادەتتە يۈزگە چىققان بۇ خىل «گادا»لارنى دانىخورەك دەيمىز. دانىخورەك ياشلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان تۈك خالتا بەزلىرىنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك ياللۇغلىنىش كېسەللىكى. ئۇ، كۆپىنچە تېرە-ماي بەزلىرى تەرەققىي قىلغان ئورۇنلاردا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئىككى مەڭزىدە، پېشانىدە، ئېڭەكتە، بۇرۇن چانىقى ئەتراپىدا بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ كۆكرەك ۋە دۈمبە قىسمىغىمۇ دانىخورەك چىقىدۇ. دانىخورەكنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، تېرىقتەك ياكى پۇرچاقتەك بولىدۇ. بەزىلىرى قارا چېكىتسىمان بولىدۇ. ياللۇغلانغاندا يىرىڭلىق قاپارتمىغا ئايلىنىدۇ. بەزىلەردە يىرىڭ ئۇچى بۇزۇۋېتىلسە ياكى سىقىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدا قارامتۇل داغ قالىدۇ. كىچىك ئويمانچاق تاتۇق بولۇپ قالىدىغانلىرىمۇ بار. ئەگەر ياللۇغلىنىش ئېغىر بولسا، قارامتۇل قىزىل تۈگۈنچەكلەر ياكى ئېللىپس شەكىللىك خالتىلىق ئىششىقنى پەيدا قىلىدۇ. سىقسا يىرىڭ چىقىدۇ. يىرىڭلىغان ئورۇن ئۇزۇنغىچە ساقايماي، يۈز تېرىسىنىڭ گۈزەللىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. يۈز تېرىسىنىڭ گۈزەللىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ياشلار يۈز تېرىسىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى ئاسراش، يۈز تېرىسىنىڭ قايسى خىلدىكى تېرىگە كىرىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. ئادەتتە يۈز تېرىسى مايلىق، قۇرغاق، نېيترال تېرە دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. ئاخشىمى يېتىشتىن ئاۋۋال يۈزنى پاكىز يۇيۇپ، ئەتىگەندە ئەينەككە قارىغاندا، يۈز تېرىسى مايلىشاڭغۇ، پارقىراپ تۇرسا، بۇنداق تېرە مايلىق تېرىگە كىرىدۇ. ئەگەر يۈز تېرىسى تارتىشىپ، كېپەك ئۆرلەپ تۇرسا، قۇرغاق تېرىگە كىرىدۇ. پارقىراپمۇ كەتمىگەن، تارتىشىپمۇ قالمىغان بولسا نېيترال تېرىگە كىرىدۇ. مايلىق تېرىلەرگە دانىخورەك كۆپ چىقىدۇ. چۈنكى تېرە ماي بەزلىرىنىڭ كاناللىرى ياكى تۈك تۆشۈكلىرى توسۇلۇپ قالغاندا، ماي بەزلىرى ئىشلەپ چىقارغان مايلار تېرە سىرتىغا چىقالماي دانىخورەكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تېرىسى مايلىق كىشىلەر يۈزىنى كۈنىگە 2 — 3 قېتىم ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇشى، تەركىبىدە گۈڭگۈرت بولغان يۈز سوپۇنلىرىنى ئىشلىتىشى، مايلىق ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئازراق يېيىشى، شۇنىڭدەك ماي تەركىبى يۇقىرى بولغان يۈز مايلىرىنى،

# ئاجايىپ ماشىنا ئادەملەر

△ئاۋستىرالىيە، ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلارغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولالايدىغان بىر خىل ماشىنا ئادەمنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. بۇ خىل ماشىنا ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىر بولۇپ، ئىككى قولى ۋە بەدىنىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى ھەرىكەت قىلالايدىكەن. ئۇ، بالىلارنىڭ ئاددىي جۈملىلەرنى ۋە ھېسابلاشلارنى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلالايدىكەن: بالىلار چارچاپ قالغاندا، ناخشا ئېيتىپ بېرىدىكەن ھەم ئۇلار بىلەن بىللە ئوينايدىكەن.

△ياپونىيىدە ھويلا سۈپۈرەلەيدىغان ماشىنا ئادەم ياسالغان. بۇ خىل ماشىنا ئادەم مىنۇتىغا 3.3 كۋادرات مېتىر يەرنى سۈپۈرەلەيدىكەن. ئۇنىڭ گەۋدىسىدە ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەسۋابلىرى بارىكەن.

△سوۋېت ئىتتىپاقى پەن - تېخنىكا خادىملىرى يېقىندا ئادەمنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان بىر خىل ماشىنا ئادەمنى ياساپ چىققان. بۇ خىل ماشىنا ئادەم، كىشىلەر دائىم ئىشلىتىدىغان 200 خىل بۇيرۇققا ئىنكاس قايتۇرالايدىكەن. پوچتىخانىلاردىكى پوسۇلكا ئايرىغۇچى خادىم ئۇنىڭغا پوسۇلكا تاپشۇرۇۋالغۇچى تۇرۇشلۇق شەھەرنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەرسىلا، ئۇ، شۇ ئادرېس بويىچە خالتىلارنى توغرا ئايرىيالايدىكەن. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا بۇيرۇق بەرسە ئۇ دەرھال بۇ ئىشلارنى توغرا ئورۇندايدىكەن.

ماموت بارات تەرجىمىسى

تەركىبىدە ھورمون (جىنسۇ) بولغان مايلارنى، فۇچىڭسۇك، چۈي يەنسۇك قاتارلىق دورا مەلھەملىرىنى ئىشلەتمەسلىكى لازىم. دانىخورەك چىققان ئورۇندا داغ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دانىخورەكنى قول بىلەن سىقىپ بۇزماسلىق، ۋاقتىدا دوختۇرغا بېرىپ داۋالىتىش لازىم. ئادەتتە ۋىتامىن $B_2$، $B_6$ دورىلىرىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىچىش، ياللۇغلىنىش بولسا، تېتراتسىكلىن دورىسىدىن كۈنىگە 0.5 گرامدىن بىر گرامغىچە ئىچىش كېرەك. سەككىز ھەپتە ئىچسە بىر داۋالاش كۇرسى بولىدۇ. كېسەللىك ئېغىر بولغاندا يىمدىغىن (ستېيىل بېسترول) دىن كۈنىگە بىر مىللىگرامدىن بىر قېتىم ئىچىش كېرەك. ئادەتتە ئون كۈن بىر داۋالاش كۇرسى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا لىيوسۇەنشىن ياكى گەن ساۋشىندىن ئۈچ ئاي ئەتراپىدا ئىچسىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

مەسئۇل ۋىراچ: روشەنگۈل ئارۇپ



# چەت ئەللەردىكى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدىن تەرمىلەر

△ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ھەرخىل شەكىللەردە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئوقۇتقۇچىلارغا ھەر خىل خاتىرە بۇيۇملىرى ۋە سوۋغاتلارنى ھەدىيە قىلىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا تەقدىم قىلسا، بەزىلىرى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ نامىدا گۈل، كىتاب قاتارلىق بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ھال سورايدۇ.

△ چاۋشيەندە ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنىڭ «خىزمەت كۆرسەتكەنلەر بايرىمى» دەپ داڭقى بار. ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئوقۇتقۇچىلار شۇ كۈنى «جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەمگەك قەھرىمانى»، «خىزمەت كۆرسەتكەن ئوقۇتقۇچى»دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىدۇ. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى «خەلق كومېسسار» لىرىغا ئالىي مەكتەپلەردىكى پروفېسسورلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. سىفەن مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار باشقا كەسىپلەرنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى مائاش ئالىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆي تەقسىم قىلىش، كېسەل كۆرستىش، داۋالىنىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش، كاماندوروپكىغا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ.

△ چېخوسلوۋاكىيىدە ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داغ ـ دۇغىلىق خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. دۆلەت مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا ئوردېن ياكى پەخرىي ناملارنى بېرىدۇ. ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ. ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان ياكى مەلۇم كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زىيالىيلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنى يوقلاش ــ جەمئىيەتتە بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان.

△ ياپونىيىدە سىفەن مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىدىن ئىنتايىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇلار سىفەن مەكتەپكە كىرگەننىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپلا «ئوقۇتقۇچىلار فورمىسى»نى كىيىدۇ. «ئوقۇتقۇچىلار فورمىسى»نى كىيگەن ئوقۇغۇچىلار كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا چىققاندا، كىشلەر ئادەتلىك ھالدا ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

△ فرانسىيىدە، كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى «ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراستىنىڭ پەرىشتىسى» دەپ قارايدۇ. ھەر يىلدىكى روژدېستوو بايرىمىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى سوۋغاتلارنى تەييارلاپ ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىدۇ. ھەر مەۋسۇملۇق دەرس باشلانغان 1 ـ كۈنى يەرلىك باشلىقلار ۋە جەمئىيەتنىڭ مۆتىۋەرلىرى دەرس باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ياكى دەرس ئاڭلايدۇ.

ئارزىگۈل تۇرسۇن تەرجىمىسى

## خەتەرلىك دۈشەنبە

ئامېرىكىلىق پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىشىدىن قارىغاندا، بىر ھەپتە ئىچىدە دۈشەنبىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك كۈن ئىكەنلىكى بايقالغان.

بەزىلەر تارىخىي ماتېرىياللاردىن، ناپالېئوننىڭ 1812-يىلى مەلۇم بىر دۈشەنبە كۈنى پۈتۈن ئارمىيىنى يوقىلىشقا يۈزلەندۈرىدىغان چار روسىيىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى باشلىغانلىقىنى؛ شۇنىڭدىن 100 يىل ئۆتۈپ بىر دۈشەنبە كۈنى دېڭىز شەھىرى دەپ نام ئالغان «تايتانىك» ناملىق پاراخوت دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىپ 1500 دىن ئارتۇق يولۇچى بېلىقلارغا يەم بولغانلىقىنى بايقىغان. ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دۈشەنبە كۈنلۈكى سۈيىقەستكە ئۇچرىغان. رېگان زۇڭتۇڭمۇ دۈشەنبە كۈنى ھاياتىدىن ئايرىلىشقا تاس قالغان.

ئامېرىكا خارۋاد ئامىمىۋى تازىلىق ئىشلىرى شۆبىسىنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار بىلەن ئىسپاتلىشىچە، دۈشەنبە كۈنى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلار باشقا ئالتە كۈنگە قارىغاندا كۆپ بولىدىكەن. شۇنداقلا دۈشەنبە كۈنىدىكى خىزمەت ئۈنۈمىمۇ باشقا ھەر قانداق كۈندىكىدىن تۆۋەن بولىدىكەن. مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، ئەرلەرنىڭ يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى دۈشەنبە كۈنى باشقا ھەر قانداق كۈندىكىدىن يۇقىرى بولىدىكەن.

مەريەم ئىبرايىم تەرجىمىسى

## 2010-يىلىغا بارغاندا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر

بىر قىسىم مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، 2010-يىلى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلەر بولىدىكەن.

1. ھېسابلاش ماشىنىلىرى 80 پىرسەنت ئەتراپىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرسلىك قاتارىغا كىرگۈزۈلىدىكەن؛

2. نېفىتنىڭ ئورنىنى باسىدىغان يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى 85 پىرسەنت ئەتراپىدا تېپىلىدىكەن؛

3. ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ھازىرقىدىن 82 پىرسەنت يۇقىرى بولىدىكەن؛

4. ئېكرانلىق تېلېفون ئادەتتىكى ئائىلىلەردە 83 پىرسەنت ئەتراپىدا ئومۇملىشىدىكەن؛

5. توي قىلىشنى خالىمايدىغان ئەر-ئاياللار 80 پىرسەنت كۆپىيىدىكەن؛

6. تاللاپ تۇرۇپ ئوغۇل ياكى قىز پەرزەنت كۆرۈش 80 پىرسەنت رېئاللىققا ئايلىنىدىكەن؛

7. دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇھىت بۇلغىنىش 78 پىرسەنت ئېغىرلىشىدىكەن؛

8. راك كېسەللىكى 75 پىرسەنت ئەتراپىدا تىزگىنلىنىدىكەن؛

9. ئاپتوماتىك يازما تەرجىمە ماشىنىسى ۋە ئېغىز تەرجىمە ماشىنىسى 73 پىرسەنت ئومۇملىشىدىكەن؛

10. ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ باشقۇرۇشىدا خىزمەت قىلىش ئەھۋالى 73 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇپ، بارغانسېرى ئومۇملىشىشقا يۈزلىنىدىكەن؛

11. قۇرغاقچىلىق، قاتتىق سوغۇق قاتارلىق نورمالسىز كىلىمات تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىغان ئاپەتلەر 72 پىرسەنت ئەتراپىدا ئېغىرلىشىدىكەن؛

12. خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى 71 پىرسەنت بولىدىكەن ھەم ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدىكەن؛

13. ئەر-خوتۇنلارنىڭ نىكاھىدىن ئاجرىشىش نىسبىتى 68 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇپ، جىددىي ئۆرلەيدىكەن.

14. جىسمانىي ئەمگەكلەرنى ئاساسەن 63 پىرسەنت ماشىنا ئادەملەر ئۈستىگە ئالىدىكەن.

15. جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى ئۆسۈپ، ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالى 60 پىرسەنت يامانلىشىدىكەن.

ھېكىم مۇھەممەت تەييارلىغان

# ئانا سۈتى بوۋاقنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە پايدىلىق

بوۋاقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئانا سۈتى ئەڭ ياخشى يېمەكلىك بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن
ئەۋزەللىككە ئىگە. ھەرقانداق يېمەكلىك ئانا سۈتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. تەتقىقاتلار شۇ-
نى ئىسپاتلىدىكى، ئانا سۈتى بوۋاقنىڭ سالامەتلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئانا سۈتىدە بىئولوگىيىلىك ئاكتىپ ماددىلار بولۇپ، ئۇ بوۋاقنى يۇقۇملىنىشتىن
ساقلايدۇ. بۇ خىل ماددىلارنىڭ قويۇقلۇقى ئانا سۈتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەڭ يۇقى-
رى بولىدۇ. تۇغۇتتىن كېيىنكى نەچچە كۈن ئىچىدە، ئانا سۈتىدە كۆپ مىقداردا ئىممو-
نىتېتلىق ئاقسىل بولىدۇ. تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، ئانا سۈتى بىلەن بېقىلغان بوۋاقلار-
نىڭ ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرى ۋە نەپەس يوللىرى ئاسان يۇقۇملانمايدۇ، ھۆل تەمرەت-
كە، بۇرۇن ياللۇغى قاتارلىقلارغىمۇ ئاسان گىرىپتار بولمايدۇ. ئەڭ كۆرۈنەرلىكى، ئانا
سۈتىدە بېقىلغان بوۋاقلارنىڭ ئىچى سۈرۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى بىر-
قەدەر تۆۋەن بولىدۇ. ھىندىستاندا مۇنداق بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. بوۋاقنى تۆت
گۇرۇپپىغا ئايرىپ، تۆت خىل ئۇسۇلدا باققان (يالغۇز ئانا سۈتى بىلەن، ئانا سۈتىگە قو-
شۇمچە يېمەكلىكلەرنى قوشۇپ، دەسلەپتىلا ئانا سۈتى بىلەن قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى
بىرگە بېرىش، ساپلا قوشۇمچە يېمەكلىك بىلەن بېقىش)، نەتىجىدە ئالدىنقى ئۈچ گۇ-
رۇپپىدىكى ئانا سۈتىدە بېقىلغان بوۋاقلاردا ئىچى سۈرۈش بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى
قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەنلا بېقىلغان بوۋاقلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولغان.
ئانا سۈتى بىلەنلا بېقىلغان گۇرۇپپىدىكى بوۋاقلارنىڭ بىرسىدىمۇ ئېغىر ئىچى سۈرۈش ياكى
باشقا يۇقۇملىنىشلار كۆرۈلمىگەن.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئانا سۈتىدە بېقىلغان بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىمۇ
بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ. چىلىدا 1700 نەپەر يېڭى ئايالنى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن
قارىغاندا، تۇغۇلۇپ ئۈچ ئاي ئىچىدە باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن بېقىلغان بوۋاقلارنىڭ ئۆ-
لۈش نىسبىتى ئانا سۈتىدە بېقىلغان بوۋاقلارغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولغان.
بىرازىلىيىدىكى تەكشۈرۈشلەرمۇ ئانا سۈتىدە باقمىغان بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبى-
تى، ئانا سۈتىدە بېقىلغان بوۋاقلارنىڭ 1.6 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. يېزىلاردا بولسا ئى-
ستمەي بېقىلغان بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى، ئانا سۈتىدە بېقىلغان بوۋاقلارنىڭ 3.3
ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يەنە ئىقتىساد، تازىلىق قاتار-
لىق ئامىللارغىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە. ئەمما، ئانا سۈتىدە بېقىش، سەل چاغلىغىلى
بولمايدىغان ئامىل.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بوۋاقلارنى ئانا سۈتىدە باق-
قاندا، ئۇنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاشىدۇ، ئاغرىق ئازابىغا ئاز ئۇچرايدۇ.
شۇڭا، ئانىلارنىڭ پەرزەنتىنى ئۆزى ئېمىتىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

**ئەكبەر سۇلتان تەرجىمىسى**

# ئوتتۇرا ياشلىق ئايالالار قانداق گىرىم قىلىشى كېرەك

ئايالالار ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە تېرىسى پارقىراقلىقى ۋە ئېلاستىكىلىقىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گىرىم قىلغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش لازىم.

1. تېرىنىڭ نەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن گىرىم سۈيىدە يۈزنى بىر قۇر ھۆلدەپ، ئاندىن ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان يۈز مايىنى سۈرۈپ، يۈزنى بەش مىنۇت ئەتراپىدا ئۇۋۇلاپ بېرىش لازىم.

2. ئوتتۇرا ياشلىق ئايالالار ئۇپا ئىشلەتكەندە ئىككى خىل رەڭدە تەڭشەپ ياسىغان (سۇس ئەترەڭ) ئۇپىلارنى ئىشلىتىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، يۈزنىڭ تېرىسى تەبىئىي يومران كۆرۈنىدۇ. ئۇپىنى بەك قويۇق سۈرىۋەتسە ياش قۇرامى بىلەن گىرىم ماسلاشماي قالىدۇ.

3. 45 ياشتىن ھالقىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايالالارنىڭ كۆز ئەتراپىدىكى تېرىسى خالتىلىشىپ، قاپاق تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قالىدۇ، قاپاقنىڭ رەڭگىمۇ سەل قارىداپ كېتىدۇ، كۆز بۇرۇنقىدەك نۇرلۇق كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭا، كۆز ئەتراپىغا سۇرمە سۈرگەندە بەك قېنىق سۈرۈۋەتمەي سۇسراق سۈرۈش كېرەك. ھازىر بازاردا سېتىلىۋاتقان گىرىم قۇتىسىدىكى رەڭلەردىن سۆسۈن رەڭنى سۇزراق قىلىپ سۈرىۋالسىمۇ بولىدۇ. ياكى مايسىرەڭگە قېنىق شاپتۇل چېچەكى رەڭنى، كۆك رەڭگە سارغۇچ ئاق رەڭنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈرسىمۇ بولىدۇ.

4. قاشنى ئەسلىدىكى قاش شەكلىگە ماسلاشتۇرۇپ تېرىش، ئاندىن قاشنىڭ رەڭگىگە ماس كېلىدىغان كۇلرەڭ ياكى قوڭۇر رەڭلىك قاش قەلىمىنى تاللاپ ئۈستىدىن سۇسراق قىلىپ سۈرۈش، ئەڭ ياخشىسى قارا رەڭلىك قاش قەلەمنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ئايالالار ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە قاشلىرى شالاڭلىشىپ قالغاچقا قارا رەڭ بەكلا چېنىپ قالىدۇ.

5. ئەڭلىك ھەم لەۋ ئەڭلىكلىرىنى ئىشلەتكەندە، بەك ئوچۇق قىزىلنى ئىشلەتمەي توقراق رەڭدىكىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

سەلىمە ئەلى تەرجىمىسى

## سۇ مېۋىنى بىر يىلدىن ئارتۇق ساقلىماسلىق كېرەك

بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان سۇ مېۋى قىچا، زىغىر، خۇاسىڭ، گۈنجۈت، پۇرچاق، چىگىت مايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۇ مېۋىنى ئۇزۇن ساقلىغاندا، ئاسانلا كىسلاتالىشىپ قالىدۇ ھەمدە قانچە ئۇزۇن ساقلىسا ئۇنىڭ كىسلاتالىشىش دەرىجىسى شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ماددىلار پەيدا بولۇپلا قالماي، يەنە سۇ مېۋىنىڭ ئۆزىگە خاس مەززىلىك پۇرىقى يوقاپ كېتىدۇ. ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان سۇ مېۋىنى يېگەندە، ئاشقازاننى بىئارام قىلىپ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ قۇسۇش، قورساق ئاغرىش، ئىچ سۈرۈشتەك كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بىر يىلدىن ئېشىپ كەتكەن سۇ مېۋى دۆلەتنىڭ تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن. شۇڭا، سۇ مېۋىنى ساقلاپ يېيىش ۋاقتى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

مۇتەللىپ ۋاھىل تەرجىمىسى

# چاچ بوياش دورىسىنى ئاز ئىشلىتىڭ

چاچ بوياش دورىسى — چاچنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەزى «ياش تۇرۇپ چېچىغا ئاق كىرگەن» ئاياللار ياكى ئىككى چېكىسى ئاقىرىشقا باشلىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار چېچىنى بوياش «ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇش»نى ئارزۇلايدۇ. ئەمما ئۇلار چاچنى كۆپ بويىغاندا زىيىنى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نۆۋەتتە كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئوكسىدلىق چاچ بوياش دورىسىنىڭ تەركىبىدە 20 نەچچە خىل خىمىيىلىك بىرىكمە بولۇپ، ئۇنىڭ توققۇز خىلى باش تېرە ھۈجەيرىلىرىنىڭ رېئاكسىيىسىنى تېزلىتىۋېتىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئامىنو بېنزويىك كىسلاتالىرى پەيدا قىلىدىغان رېئاكسىيە ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ ئۇ راك كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدىكەن.

ئۇزۇندىن بۇيان، كىشىلەر چاچ بوياش دورىسىنىڭ راك كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىپ كەلدى. يېقىندا ئامېرىكا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دوكتورى ئەمىس چاشقان ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، چاچ بوياش دورىسىنىڭ راك كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ، 169 خىل چاچ بوياش دورىسىنى تەكشۈرۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە 150 خىلىنىڭ راك كېسەللىكىنى پەيدا قىلىش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. يېقىندىلا نيۇ-يورك فىزىئولوگىيە ئالىمى دوكتور جېنى 100 نەپەر سۈت بېزى راكىغا گىرىپتار بولغۇچىنى تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئۇزۇن مۇددەت چاچ بوياش دورىسىنى ئىشلەتكەنلىكىنى بايقىغان. چەت ئەل ماتېرىياللىرىدا، ئادەتتىكى چاچ بوياش دورىسىنى ئۇدا ئون يىل ئىشلەتكەندە، ئادەمنىڭ باش تېرىسى ئۇنىڭ بىر پىرسەنتىنى قوبۇل قىلسا راك كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭا خوتۇن-قىزلارنىڭ چاچ بوياش دورىسىنى ئازراق ئىشلىتىشىنى ئەڭ ياخشىسى ئىشلەتمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئاياللار چاچقا ئاق كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قارا كۈنجۈت، ياڭاق، چىلان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

ئىبادەت تەرجىمىسى

---

## ئاپتورلار دىققىتىگە

1991-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىل توشقان خاتىرە كۈنى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنىلىمىز 90-يىل 10-سانىدىن باشلاپ، «شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ 40 يىلى» دېگەن سەھىپە ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 40 يىلدىن بۇيان ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەمدە ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۆھپىلىرى، شۇنداقلا ھەرقايسى ساھەلەردە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان مۇنەۋۋەر ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

ئاپتورلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنى مۇشۇ جەھەتتىكى ماقالىلار بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«شىنجاڭ ئاياللىرى» تەھرىر بۆلۈمى



# كۆڭۈللۈك ئۆتكەن توي

نۇرمەھەممەت تۆمۈر

13 - يانۋار چۈشتىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت تەبىئىي گاز ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىككى مەكتەپ ئارىلىقىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈشكە باشلىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىم ئەتراپىدا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر ئوقۇتقۇچى مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ بۈگۈن كەچ مەكتىپىمىزدىكى روزى بىلەن ئاينۇرنىڭ تويى بولماقچىدى، قاتنىشىپ بېرەلەمسىز، ئورنى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، — دېدى. مەن ئەلۋەتتە قاتنىشىپ بېرەلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. بىراق، ھازىر بولۇۋاتقان تويلارنىڭ تولىسى دېگۈدەك زاللاردا نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان تۇرسا، ئەجەبا ئۇلارنىڭ تويى نېمىشقا مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلىدىكەن؟ دېگەن ئوي مېنىڭدە قىزىقىش پەيدا قىلدى.

ئىتتىپاق ئەزاسى روزى بىلەن ئاينۇر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ، ئۇلار خىزمەت جەريانىدا تېپىشىپ، ئۆزئارا سىناشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، ئىختىيارى ئاساستا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن.

روزى بىلەن ئاينۇر ھېچقانداق تەرەپتىن باشقىلاردىن قېلىشمايتتى. ئۇلاردا پۇل دېسە پۇل بار ئىدى. باشقىلاردەك ھەشەمەتلىك توي قىلىشقا تامامەن قۇدرىتى يېتەتتى. بىراق، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، توي - تۆكۈننى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈش، ئىقتىسادچىل بولۇپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشقا چاقىرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ئۇلارنى ئويغا سالدى. ئۇلار بۇ بىر ئىتتىپاق ئەزاسىغا، يەنە كېلىپ بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە دەپ قارىدى ۋە ئاخىرى تويىنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدى. روزى بىلەن ئاينۇر توي رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە بىر قۇرلا تويلۇق كىيىم ئالدى، ئاندىن ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپ زالىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ 100 گە يېقىن ئادەمنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئاددىيلا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. تويغا كەتكەن ئومۇمىي چىقىم 1000 يۈەنگىمۇ يەتمىدى. كۆپچىلىك بۇ تويغا باھا بېرىشىپ: تويىنى نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇل خەجلەپ ھەشەمەتچىلىك قىلمايمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگىلى بولىدىكەنغۇ؟ بۇ توي ھەقىقەتەن ياخشى بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن تويىنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزسەك بولغىدەك»، — دېيىشتى.













6.ئۇرۇمچى ناھىيسى بەيياگگۇ قازاق باشلاڭ-
غۇچ مەكتىپى، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى
تەلىم-تەربىسنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئۇنۇمگە
ئېرىشتى.

7.ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىلبايراق باللار باغ-
چىسى، ئويۇنچۇقلاردىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش
پائالىيىتىنى جانلاندۇردى.

8.ئۈرۈمچى شەھەرلىك 21-باشلانغۇچ مەك-
تەپ ئوقۇتقۇچىسى چىمەنگۈل، ئېلېكتىرونلۇق ئو-
قۇتۇش"دەرسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقى-
دە بىرىنچى بولدى.

9.ئۈرۈمچى شەھەرلىك 24-باشلانغۇچ مەك-
تەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئۆزلىرى خۆەندىك سۇ-
رەتلىرى ئىشلەپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا قوللاي-
لىق يارىتىپلا قالماي، بىرمۇنچە ئىقتىساد تېجەپ
قالدى.

